# زىندان ناخشىسى

( 1958 ـ 1981 ـ يىللار)

«ئەركىنلىك ـ ئىنسانىنىڭ يېرىم ھاياتى، يە ئۇنى ساقلاپ قالايلۇق، يە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بولايلۇق» سىچرون.

«يالتىراپ يۇلتۇز يانار، تۈن قاراڭغۇ بولغانسىرى،
يادىمغا تەگرىم چۈشەر، بەختىم قارا بولغانسىرى»

ئا. تىوقاي.



سابىت ئۇيغۇري

## بورانلىق كۈنلەر

ئوچۇق تۇرغان ئاسمان تۇتۇلدى بىردىن،
قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى كۈندۈز.
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ پەلەك قەسرىدىن،
چاقماق چېقىپ، سامادىن قۇيۇلدى يۇلتۇز!
ئارقىدىن باشلاندى «كۈرەش ژىغىنى»،
مەرتلەرنىڭ بېشىغا تەگمەكتە تاياق.
تۆھمەتنىڭ قاپقىسى ئېچىلدى بىردىن،
بورانلىق شۇم كۈنلەر باشلاندى شۇنداق!
ھە، شۇنداق باشلاندى دەھشەتلىك كۈنلەر،
ھەر كۈنى ئاڭلىنار تەشۋىشلىك خەۋەر.
بۈگۈنى: سەمەدىي پالاندى، ـ دېسە،
ئەتىسى: ئا. ئەيسا ئۆلۈپتۇ، ـ دەرلەر!

مىڭلىغان ئەرلەرنىڭ سولدى چىرايى،
مىڭلىغان ئوغلانلار زىندانلارغا بەنت،
ئۇلارنىڭ بار ئىدى، نېمە گۇناھى؟
نە ئۈچۈن تارتقۇلۇق مۇنچىلىك كۈلپەت!
بىز كۆرگەن قىسمەتلەر تېخى ئازمىدى،
كاژ پەلەك شۇنچە دەرت سالدىغۇ بىزگە.
ئېيتقىنا، ئەي پەلەك، مۇنچە خور قىلغان،
تەغدىرنىڭ نە ئۆچى بار ئىدى بىزدە!؟
ئىشىنىمەن، شۇنداق ھۇر كۈنلەر كېلىدۇ،
بورانلىق كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ،
كىم دۈشمەن،
كىم خائىن،
كىم سادىق ئوغلان،
ئۇنىڭغا تارىخ ئۆزى ھۆكۈم ئېيتىدۇ!

1958 ـ ژىل، غېنۋار.

## ئېتىراز

بۇ ئالەم كەڭ بولسىمۇ زېمىنى تار،
يامانلار ئەزىز بولدى،
ياخشىلار خار!
پادىشا ئەقىلسىز ۋە زالىم بولسا،
خەلقنىڭ تەغدىرىگە ئاپەت ياغار!
ياشىدۇق بىز موشۇنداق بىر زاماندا،
كېچىلەر تىنىدۇق چۆل باياۋاندا،
ئالۋاستى ئۈستىمىزدە ھاكىم بولغاچ،
ئىنسانىنى خور قىلدىغۇ ھايۋاندىنما!

ئىشىنىمەن كېلەر شۇنداق ئادىل زامان،
ياخشىنى يامانغا خار قىلمايدىغان.
تۆھمەتنىڭ تۇمانلىرى تارقاپ كېتىپ،
بولىدۇ ئادىل قازى ھۆكمىران!

1958 ـ ژىل، ئۆكتەبىر.

# تۆھمەتخورلارغا جاۋاپ*)
## (تۇركۇم)

«بۇ دۇنيانىڭ بۈيۈك كىشىلىرى ئارىسىدا، تۆھمەتچىلەرنىڭ قارا يۈزلۈك بىلەن قىلغان ھاقارەتلىرىگە ئۇچرىمىغان بىرەر ئادەم بولمىسا كېرەك».
م. گوركىي.

1

«مەن ـ دوست، سەن ـ دۈشمەن!» دەپ چالۋاقاپ كەتمە،
دوست بىلەن دۈشمەننى خەلق ئايرىيدۇ.
«مەن ـ ھەق، سەن ـ ناھەق!» ـ دەپ كۆكسۈڭنى كەرمە،
ھەق بىلەن ناھەقنى تارىخ ئايرىيدۇ!

مەن ـ ئۆز خەلقىمنى سۆيۈپ «مىللەتچى» بولدۇم،
سەن ـ ياۋغا سېتىلىپ، تۆھمەتچى بولدۇڭ.
ئەرزىمەس مەنسەپكە ئىماننى سېتىپ،
ئۆز دوستۇڭنى تىرىكلا كۆممەكچى بولدۇڭ!

بىلىپ قويكى، ھەقىقەتنى كۆمۈپ بولمايدۇ،
تۆھمەتخورنىڭ قارا يۈزىنى ژۇيۇپ بولمايدۇ.
بۇ دۇنيادا موشۇنداق بىر قانۇن ھۆكمىران:
ئاقنى ـ قارا، قارىنى ـ ئاق قىلىپ بولمايدۇ!

يۇلتۇز كۆچسە، سامادا ئىزى قالىدۇ،
تۆھمەت كېتىپ، ئادەمنىڭ يۈزى قالىدۇ.
قەھرىمان مەيداندا ئۆلىشى مۇمكىن،
ئامما، ئەل قەلبىدە سۆزى قالىدۇ!

2

كۈلمەڭلار زەھەرلىك كۈلكەڭلار بىلەن،
ئىنسانلىق شەنىمنى قىلماڭ ھاقارەت.
كۆز ژۇمۇپ يالا ۋە تۆھمەتلەر بىلەن،
مېنىڭ پاك قەلبىمگە سالماڭ جاراھەت!

بىلىڭكىم، «دەھشەتلىك كۈرەشلەر» بىلەن،
مېنىڭ ئىرادەمنى ھېچ سۇندۇرالمايسىز.
ئەل سۆيگەن ئوغلىنىڭ يورۇق يۈزىگە،
سۇنئىي ماھارەت بىلەن داغ سالالمايسىز!

ھازىر سىز يېڭىسىز، چۈنكى زامان سىزنىڭكى،
بىلسىڭىز، بۇ سىزگە ۋىجدانىي پاجىئە!
تۆھمەتلەر ئۇقىدا يارىلاندىم، بەس،
ئامما روھىم تېتىك، قەلبىم پاكىزە!

ئالدىرىماڭ، شۇنداق بىر زامان كېلىدۇ،
تۆھمەتنى ھەقىقەت چوقۇم يېڭىدۇ.
كىم ساتقۇن، كىم خائىن ۋە كىم قەھرىمان،
ئۇنىڭغا تارىخ ئۆزى ھۆكۈم قىلىدۇ!

3

ھاياتنىڭ تۈز يولى بار، داۋنى بار،
ئادەمنىڭ ياخشىسى بار، يامىنى بار.
باش كۆتىرىپ ئۇرگەن بىلەن ئادەم ئەمەس،
ئۇنىڭمۇ چاقىدىغان چايىنى بار!

يامانلار ئۆزى ياخشى بولالمايدۇ،
ياخشى بوپ ئۇرگەنلەرنى كۆرەلمەيدۇ.
ئەسلىدە چايان بولۇپ يارالغانلار،
ئادەمنى چاقمىسا ئۇ تۇرالمايدۇ!

چاقىدۇ، ياخشىلارغا تۆھمەت قىلىپ،
بۇ ئىشنى «ئالىجاناپ خىزمەت» بىلىپ.
«ئى خاۋ!» ـ دەپ دۇمبىسىگە ئۇرۇپ قويسا،
گېدىيەر، ھاقارەتنى ھۆرمەت بىلىپ!

ھەممىنى ئوخشاش كۆرۈپ، بەزى نادان،
قالىدۇ پۇشايمان يەپ ئاخىر زامان.
چايانغا چاقتۇرمايمەن دېسەڭ ئەگەر،
ھەر قاچان ھوشيار بول بايقا ھامان!

1958 ـ يىل، ئۆكتەبىر.

1958 ـ يىلى ئىيۇندا ھاكىم مۆيدىن بىلەن مۇقەددەس مىرئاسىم قىزى ئىككىسى مېنى خىتايغا چېقىشتۇرۇپ «مىللەتچى ئۇنسۇر» دەپ تۈرمىگە ئالغۇزغان. بۇ شېئىر ئەينە شۇنداق چېقىمچىلارغا قارىتىلغان ئېدى. ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇ ـ قادىر ئىبراھىمى تۆھمەت قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا بۇ شېئىر ـ كونا، يېڭى تۆھمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە تېگىشلىك جاۋابتۇر.
ئاپتور.

4

«قوش ئۇرەك» ـ دەپ ئاتىدىڭ مېنى،
رەخمەت! ـ شۇنداق ئاتىغىنىڭغا.
مېنى «يامان» دېسەڭمۇ، لېكىن،
بىر ئېغىز ھەق سۆز قىلغىنىڭغا.
راس ئېيتسەڭ، قەلبىم بىر ئەمەس،
كۆكرىگىمدە ئىككى ئۇرەك بار.
بىرسى ـ مېنىڭ ئۇيغۇرستانىم،
ھە، بىرسى ـ تۇغۇلغان دىيار.
يەتتىسۇدا تۇغۇلغان ئېدىم،
كىندىك قېنىم تامغان شۇ يەرگە.
يات يەر ئەمەس، ئەجداتلىرىمنىڭ
باسقان ئىزى قالغان ئۇ يەردە.
مەن كەتكەندە مېھرىبان ئانام،
يىغلاپ، قاخشاپ شۇ يەردە قالغان.
ئۇرىگىمنىڭ تېگى شۇ جايدا،
ئانام بىلەن بىللە قېپ قالغان.
قانداق قىلاي، تەغدىر شۇ ئېكەن،
باشقا چۈشتى جۇدالىق كۈنلەر.
ئانا ئۇ ياقتا، بالا بۇ ياقتا،
كۆرىشەلمەي ئۆتتى ئۆمۈرلەر...

بالا تۇرۇپ ئانامدىن كەچسەم،
بەرگەن سۈتى ئۇرمامدۇ مېنى؟
بىر ئېغىز ھەق سۆزنى ئېيتمىسام،
ھەق قىساسى تۇتمامدۇ مېنى؟
ئەندى ئېيتاي، چىن گېپىمنى مەن،
راستلا مېنىڭ ئىككى ئېلىم بار.
بىرسى ـ مېنىڭ ئۇيغۇرستانىم،
يەنە بىرسى تۇغۇلغان دىيار!
ئۇيغۇرستان ـ ئانا ماكانىم،
قازاقستان پانا ماكانىم.
شۇ ۋەتەنلەر مۇرەببىسىدە،
ئادەم بولۇپ دۇنياغا كەلدىم.
شۇ سەۋەپتىن بىر ۋەتەن ئەمەس،
ئىككى ئەلنىڭ ئىشقىدا ياندىم.
سەن ئېيتقاندەك بىر ئۇرەك ئەمەس،
ئىككى ئۇرەك ئەر بولۇپ قالدىم.
ئۆز تەغدىرىن ياسالماس ھېچكىم،
بۇ قىسمەتكە تەغدىر ئەيىپكار.
ئەل سۆيۈشنى «گۇنا» دەپ بىلسەڭ،
دېمەككى، سەن ۋىجدانسىز ئەغيار!

# جاۋاپ*)

ئىنقىلاپ بورانلىرى دەۋرىدە ياشاپ،
كۈرەش بىلىپ ھاياتنى جەڭگە ئاتلاندىم.
چالدى سىگنال،

بەردى كوماندا،

باشلاندى ھۇجۇم،
يالقۇن كەبى لاۋۇلداپ ياۋغا تاشلاندىم!

چاقماق بولۇپ، بۇلۇتلارنى قاق يېرىپ ئۆرسەم،
بومبا بولۇپ دۈشمەننى يانغىنغا كۆمسەم.
شتابىنى دۈشمەننىڭ نىشانغا ئېلىپ،
سنارىيادتەك دەل تېگىپ، ئوتتا كۆيدۈرسەم!

ئوت ـ يالقۇنلۇق جەڭلەردە بايراقدار بولۇپ،
لەشكىرىمنى ھودۇقماي ئالغا باشلىسام.
باتۇرلارنىڭ روھىغا روھ ـ مەدەت قوشۇپ،
قورقانچاقنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىسام!

ئۆلۈمتۈكلەر ئولىشىپ چوقان سېلىشتى،
ـ بىزنىڭ تېچلىغىمىزنى بۇزۇۋەتتىڭ، ـ دەپ.
ـ سەنمۇ بىزدەك تېچقىنا ياشىشىڭ كېرەك،
بولمىسا، سەن مىللەتچى بولۇپ كەتتىڭ، ـ دەپ!

سەندەكلەرگە سۆز قىلىشقا ۋاقتىم يوق ئېدى،
مۇنازىرە مەيدانىغا چاقىردىڭ ئۆزەڭ.
ئۆزەڭنى چىڭ تۇتۇپ ئاڭلىغىن قېنى،
(بەلكى بۇنداق جاۋاپنى كۈتمىگەندۇرسەن)!

ـ مېنىڭ ئەسلى ۋەتىنىم ـ ئۇيغۇرستاندۇر،
مىللىتىمنى سورىساڭ ـ ئازا ئۇيغۇر مەن!
زۇلۇملارغا باش ئېگىش ـ ماڭا تامام يات،
ياۋ كۆكسىگە قادالغان بىر تال ئوقدۇرمەن!

بۇغرا خاندىن باشلىنار شەجەرەم مېنىڭ،
ئەجداتلىرىم ياۋ بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆتكەن.
نېرىقى بوۋام ۋەتەننى ساقلىماق ئۈچۈن،
يەكەن دەريا بويىدا شېھىت بوپ ئۆلگەن!

بىرىقى بوۋام سادىرنىڭ سەپدىشى بولۇپ،
باياندايى سېپىلنى بىرلىكتە تەشكەن...
قارا قىسمەت كۈنلىرى باشقا چۈشكەندە،
يۇرتنى باشلاپ يەتتىسۇ بويىغا كۆچكەن!

ئاتام مېنىڭ يەتتىسۇدىن ئېلىغا كۆچكەن،
ئۇنىڭ ئۆمرى ئوغاق تۇتۇپ ئېتىزدا ئۆتكەن.
غۇجنىياز يېغىسىدا ئۇمۇ قان كەچكەن،
كۈرە جاڭجۇڭ يامۇلىغا ئات سېلىپ كىرگەن!

ئانام مېنى مەيداندا تەۋەللۇت قىلغان،
ئاي يۇلتۇزلۇق بايراققا زاكىلاپ قويغان.
قىلىچ تۇتقان قولىدا كۆتىرىپ ئاتام،
سوباتلىق ئەر بولسۇن، ـ دەپ ـ سابىتجان قويغان!

دېمەك، مېنىڭ خىسلىتىم ـ ئەجداتتىن قالغان،
ـ سابىت ، ـ دېگەن ئىسمىم ـ سوباتتىن قالغان.
قىزىللىغى قېنىمنىڭ شەپەق نۇرىدۇر،
ئىرادەمنىڭ چىڭلىغى ـ پولاتتىن قالغان!

بالىلىق كۈنلىرىم لۆتۈن ئاكامنىڭ،
«ئەترىتىدە» جەڭچى بوپ جەڭگە كىرەتتىم.
ئۇسمۇرلۇك چاغلىرىمدا، ساۋاقداشلارغا،
«غازات دەر مۇلكى چىن»نى ئوقۇپ بېرەتتىم!

قىران ياشلىق چېغىمدا جەڭگە ئاتلىنىپ،
كۈرەشلەرنىڭ قاينىمىدا ئوت بولۇپ ياندىم.
ھەرەمباغدىن ماناس دەريا بويىغا قەدەر،
سۈرتوقاي قىپ دۈشمەننى مەن سۈرۈپ باردىم.

ئوتلۇق جەڭلەر قوينىدا ئۆسۈپ ئۇلغايدىم،
پولات بولۇپ سۆيىگىم جەڭلەردە قاتتى.
ھەرەمباغدا، كەڭسايدا، جىڭ، شىخۇلاردا،
چېچەك بولۇپ تۆكۈلگەن قانلىرىم قالدى.

ئەندى ئېيتاي جاناپلار، كىملىگىمنى مەن:
ئۆزەم ئۇيغۇر ئوغلىمەن، مەيدانىم چېلىش!
ژۇرىگىمدە كۈرەشچان ئەجدات قېنى بار،
كەسپىم مېنىڭ ئىنقىلاپ، ئادىتىم يېڭىش!

كۈرەشچان تارىخىمدىن نۇر ئالار ئەقلىم،
قەلبىمدە پارلايدۇ، ئۇلۇق بىر مەسلەك.
ئاتىلارنىڭ پاك روھى كېزەر قېنىمدا،
ئەرلىك ـ ئەرلىك[illegible]ەپ سوقىدۇ ژۈرەك!

جارچىسىمەن كۈرەشچان، ئۇلۇق زامانىنىڭ،
ئىنقىلاپ ئۇرۇغىنى تاراتقۇچىمەن.
ئالدىمغا دۈچ كەلگەن ھەر ئاددى ئۇيغۇردىن
ئىنقىلاۋىي جەڭچىنى ياراتقۇچىمەن!

دېمەك ئوتلۇق دەۋرىمنىڭ بىر جەڭچىسىمەن،
ئەلگە سادىق بولۇشنى خەلقىم ئۆگەتكەن.
ئۆلۈملەر ئالدىدا تىترىمىگىن! ـ دەپ،
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن لۆتۈن ئۆگەتكەن!

پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا جاكا قىلىمەن:
ۋەتەننىڭ ئوغلى مەن، نامىم ـ ئۇيغۇرىي.
قەلبىمدە سوغۇلماس ۋەتەن ئىشقى بار
قولۇمدا يەلپۈلدەر ئىستىقلال تۇغى!

ماۋزېدۇڭ ئاتاڭغا يەتكۈزۈپ قويغىن:
مەرت بولسا، مەن بىلەن داۋاغا چىقسۇن.
داۋادا تەقابىل كېلەلمىسە گەر،
ئۇيغۇرنىڭ ئىستىقلالىن ئېتىراپ قىلسۇن!

قانچە دەھشەت بولسىمۇ قىشقى زىمىستان،
بەرىبىر، باھار كېلىپ ياشىرار جاھان.
ئىشىنىمەن، قارا قىسمەت كۈنلىرى ئۆتۈپ،
چوقۇم ئازات بولىدۇ ھۆر ئۇيغۇرستان!

1958 ـ ژىل، ئۆكتەبىر.

*) خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى 1958 ـ ژىلى يازدا مېنى «ئۇيغۇرستان قۇرۇش ئىدىيىسى بار، يەرلىك مىللەتچى» ـ دەپ ئەيىپلەپ كۈرەشكە ئالدى ۋە تۈرمىگە ئەۋەتتى. مەن تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، مېنى ئەيىپلىگۈچىلەرگە مۇشۇ شېئىرىم ئارقىلىق جاۋاپ بەردىم.

# مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلىمەن

ئۇيغۇرستاندا تۇغۇلدۇم، مەن ئۆزەم ئۇيغۇرىي مەن،
ئانا يۇرتنىڭ ئىشقىدا يانغان مۇھەببەت نۇرى مەن.
ئەل بەختىگە شادان بولۇپ، دەردىگە ئاھ ئۇرىمەن،
ئېلىم مېنىڭ ئۇيغۇرستان، مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن!
ـ مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى! ـ دېسەم، شۇم رەقىپلەر تىترىشىپ،
كۈرەش قىلدى: ئۇيغۇر نامىن ئېتمىغىن، ـ دەپ تىللىشىپ.
قوللىرىمغا كويزا سالدى، تۈرمە جاكا قىلىشىپ،
شۇ چاغدىمۇ جاۋاپ بەردىم ـ مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن!
تۈرمىدە ياتتىم، بىراق، ئۇيغۇرلىغىمدىن تانمىدىم،
بولسىمۇ قىيناق ئازاپلار مەسلىگىمدىن يانمىدىم.
ـ توۋۋا قىل، ئويلان! ـ دېدى ياۋ،شۇندىمۇ ئويلانمىدىم،
ھەم جاكا قىلدىم جاھانغا ـ مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن!
مېنىڭ خەلقىم ئەزەلدىنلا «ئۇيغۇر» ـ دەپ ئاتالغان،
«جاسارەتلىك، پاراسەتلىك، ئادىل خەق!» ـ دەپ نام ئالغان،
ئىلىم، ھۈنەر، سەنئەت نۇرى بار ئالەمگە تارالغان،
خەلقلەرگە ئۇستاز بولغان شۇ ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن!
ئەپراسىياپ، سۇتۇق بۇغرا، سەيىدخاندەك ئوغلى بار،
قەشقەرىي، خاس ھاجىبى، يۈگنەكدەك غۇرۇرى بار،
نەۋايى، نىزارىدەك دىللاردا ئۆچمەس چوغى بار،
تالانتلارنى تۇققان شۇ ئەل، مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن!
مۇتەللىپنى چاپقان چاغدا، مېنىڭ قەلبىم چېپىلغان،
رەخمانوۋنى ئاتقان چاغدا مېنىڭ قەلبىم ئېتىلغان،
زۇلۇم تىغى زەربىسىدىن ژۇرەك باغرىم تىتىلغان،
قىساس ئوتى يالقۇنجىغان مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن!
ئەجداتلارنىڭ ئۇدۇمىغا سادىق بولۇپ قالىمەن،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشلەردە يالقۇن بولۇپ يانىمەن،
ئۇيغۇر بولۇپ توغۇلدۇم مەن، ئۇيغۇر بولۇپ ئۆلىمەن،
ئاينىمايمەن ھېچۋاقىتتا، مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن!

مەيلى، رەقىپ قىلسۇن كۈرەش، قارغىسۇن، دېسۇن «يامان»
مەيلى ئاتسۇن، مەيلى چاپسۇن، مەيلى قىلسۇن بىئامان.
سادىق ئوغۇل، دۈشمىنىگە بېشىن ئەگمەس ھېچقاچان،
ئىپتىخار بىرلە ئېيتۇرمەن: مەن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن!

1958 ـ ژىل، ئۆكتەبىر.

## مەشۇغۇمغا

1

ئىككىمىز سۆيۈشكەندە بىرىنچى دەم،
جەننەت بوپ كۆرۈنگەندى پۈتكۈل ئالەم.
ژۈرەكنىڭ رىشتىنى باغلىغاندۇق،
ئۆمۈرلۈك يار بولۇشقا بېرىپ قەسەم!

بىز ماگدۇق قول تۇتۇشۇپ ئۈمىت بىلەن،
ۋالېكىن باشقا ئېكەن، تەغدىر يولى.
نە چارە، ئىككىمىزنى ئايرىۋەتتى،
زامانىنىڭ قارشى سوققان دولقۇنلىرى!

مەن كەتتىم، ژىراقلارغا سەرسان بولۇپ،
سەن قالدىڭ ژىراقتىكى جانان بولۇپ.
ياشلىقتا يېتەلمىگەن مۇرادىمىز،
ژۈرەكتە قالدى ئوتلۇق ئارمان بولۇپ!

ئاي ئۆتتى،
شۇندىن بېرى ژىللار ئۆتتى،
ئۆمۈردە تالاي سۇلار ئېقىپ ئۆتتى!
ۋاقىتسىز غازاڭ بولدى باھارىمىز،
كۆكلۈل كۈيىسىز، بېغىمىز ـ گۈلسىز ئەندى!

قاپقارا چاچلىرىمغا ئاق چېكىلدى،
چىناردەك قەددىم مېنىڭ ھەم ئېگىلدى.
شۇنداقمۇ ژۇرىگىمدە كەلدىم ساقلاپ،
ياشلىقتىكى مۇھەببەتنىڭ يالقۇنىنى!

مەشۇغۇم، قايغۇرمىغىن، ھىجران ئۆتتۈپ،
ۋىسالنىڭ تاڭلىرىدا تېپىشارمىز.
سۆيۈشۈش كەيپىسىدە بىز مەست بولۇپ،
بولاقتەك قوشۇلۇپ بىر ئېقىشارمىز!

2

مەشۇغۇم، ئايرىلماس دېگەن ئىكەنمىز،
تەغدىرنىڭ قوللىرى ئايرىدى بىزنى...
قاراڭغۇ زىنداندا ياتقاننى ئاز دەپ،
ھىجران ئازاۋى ژۇرەكنى ئەزدى!

بىلمەن، ساقچىلار ئېپ كەتكەن كېچە،
مەن ئۈچۈن غەم ـ تەشۋىش چەككەنلىرىڭنى.
شاماللار غايىبانە يەتكۈزدى ماڭا،
ـ ئامان بول! ـ دەپ ئاستا ئېيتقان ئۈنىڭنى!

ئەلەملىك كۆزلىرىڭدە ياش ئۈيىنىغاندا،
مېنىڭمۇ قولۇمدا ياغلىق ئەم ئېدى!
كېچىلەر كۆكسۈڭدە دەرت سويلىغاندا،
شۇ نەپەس ماڭىمۇ ئېغىر دەم ئېدى!

كېچىلەر چۈشۈمدە كۆرىمەن سېنى:
چىرايىڭ مەيۈس، ئۈستۈڭدە تۇمان.
قولۇڭنى پۇلاڭلىتىپ، دېگىندەكمىشسەن،
ـ خوش مېنىڭ ئەزىزىم، مېنى ئۇنۇتمالڭ!

مەن سېنى ئۇنۇتا ئالمايمەن، جېنىم،
ئۇنۇتۇپ بولارمۇ سۆيگەن يارىنى؟
ئۆلسەممۇ كۆزلىرىم ئوچۇق كېتىدۇ،
كۆرمىسەم سېنىڭدەك ژۇرەك پارىنى!

ئۇمۇتسىز بولمىغىن، مېنىڭ مەشۇغۇم،
ۋىسالنىڭ تاڭلىرى كۈتىدۇ بىزنى.
سۆمرۇغ قۇشلىرى، مىندۈرىۋېلىپ،
ژىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ بىزنى!

1959 ـ ژىل، ئۆكتەبر.

# پارلا، گۈزەل ئالمۇتا

«قازاقىستان ـ ئېلېكترلىشىشتە ئىتتىپاق بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.»

ـــــــــــــــ گېزىت خەۋىرى.

يادىمدا، مېنىڭ نوۋەر، ئۆسمۈر چېغىم،
پارتىدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىدىم.
ئاياقنى خەرىتىگە ئاقاپ تۇرۇپ،
سۆزلەيتتى جۇغراپىيە مۇئەللىمىم:

«قازاقىستان ـ ئاسيانىڭ مەركىزىدە،
ئالتاغ تىزمىسىغا يۆلەنگەن ئەل.
تارىخى ئۇزاق ئۇنىڭ ھەم شەرەپلىك،
كۈرەشچان، شان ـ شەرەپكە بۆلەنگەن ئەل.

بۇ ئەلنىڭ ئۆتمۇشىگە كۆز تاشلىساق،
قالاقلىق ھەم نادانلىق ئورۇن ئالغان.
دۆلەتنىڭ بارچە بايلىق كۆزلىرىنى،
بىر ئوچۇم غوجايىنلار ئېگىلەۋالغان!

ئاتقاندا، ئۆكتەبرنىڭ نۇرلۇق تېڭى،
يۇكسەلدى قازاقلارنىڭ مىللىي ئېڭى.
قازاقىستان ـ سوتسيالىزم يولى بىلەن،
قۇرماقتا ئۆز ئالدىغا دۇنيا يېڭى!

ھە، ئەندى قازاقىستان خەلقلىرى،
ھۆر ـ پارلاق كېلەچەككە يول ئاچىدۇ.
تەڭلىشىپ، ھۆر تەرەققى ئەللەر بىلەن،
قۇياشتەك يەر يۈزىگە نۇر چاچىدۇ!»

ـ ھە، شۇنداق، قېرىنداش ئەل ـ قازاقىستان،
گۈللەنگەن ئەل بولىدۇ ئەندى ،ـ دەتتىم.
سېنىڭ پارلاق كەلگۈسىڭنى ئويلاپ ـ ئويلاپ
بالىلىق قەلبىم بىلەن قۇۋۇناتتىم!

ئاھ، بۈگۈن نېمە دېگەن بەختلىكمەن،
ئۆمۈرلۈك ئارزۇلاردىن خەۋەر ئالدىم.
ـ «قازاقىستان ـ ئېلېكتردە ئالدىنقى ئەل
بولدى! » ـ دەپ گېزىتلاردىن ئوقۇپ قالدىم!

شەھەر ـ يېزاڭ، تاغلىرىڭ ھەم ۋادىلىرىڭ،
يورۇپتۇ سۈنئىي قۇياش نۇرى بىلەن.
قاراڭغۇ زامانلارنى ئارتتا قويۇپ،
مېڭىپسەن تەرەققىيات يولى بىلەن!

يۈكسەلگىن، ئەي قەھرىمان ئەرلەر ئېلى،
بارىيېرىڭ قۇياش ئوخشاش يورۇپ كەتسۇن.
ئەڭ چەتكى يېزا ـ قىشلاق، قىرلىرىڭدا،
«ئېلېكتر چىراقلىرى» يېنىپ كەتسۇن!

قازاقىستان، سېنىڭ گۈزەل ئەللىرىڭنى،
ئۆز تۇققان ۋەتىنىمدەك سۆيۈپ كەلدىم.
سادىق ئوغلۇڭ ئوت ژۇرەك باۋىرجاندەك
مۇھەببەت ئوتلىرىڭدا كۆيۈپ كەلدىم!

ئەي مېنىڭ قۇتلۇق ئانام ـ قازاقىستان،
ئېلېكتر نۇرلىرىدا نۇرلا ھامان.
ئاي، ژىللار ئۆتكەنسىرى گۈزەللىشىپ،
ئۆس ھامان، گۈللە ھامان، پارلا ھامان!

1959 ـ ژىل، ئۆكتەبر.

# مۇھەببەت توغرىلىق شېئىرلار

## (تۆركۈم)

1

مۇھەببىتىم ـ بايلىغىم،
ژۇرەكتىكى بارلىغىم.
شۇ بايلىقتىن كېلىدۇ،
مېنىڭ ئىلھام قايىنىمىم!

مۇھەببىتىم ـ بايلىغىم،
قەلبىم ـ گۈزەل يايلىغىم.
شۇ يايلاقتا ئۈيىنىسۇن،
مېنىڭ سۆيگەن ئامرىغىم.

كۈندۈزلىرى قۇياش مەن،
كېچىلىرى ـ تولۇن ئاي.
تولۇن ئايدەك جاھانغا،
نۇر چاچىمەن ئۇخلىماي.

مۇھەببەتتە ـ تاھىرمەن،
كۈرەشلەردە باتۇرمەن.
ناخشام بىلەن دۇنيانى،
جاراڭلاتقان شائىرمەن.

مۇھەببەتنىڭ زوقى بار،
ۋاپاسىزغا ئوقى بار.
سۆيسەڭ شائىرنى سۆيگىن،
ژۇرىگىدە ئوتى بار!

---

2

شائىرلارنى شائىر قىلغان ـ مۇھەببەت،
باتۇرلارنى باتۇر قىلغان ـ مۇھەببەت.
ژۇرىگىدا ۋەتەن ئىشقى يانمىسا،
ئادەم دېگەن ـ تىرىك ژۇرگەن بىر جەسەت!
دۈشمەنلەرگە ئېگىلمىگەن بېشىمنى،
بىر گۈزەلگە ئېگىلدۈرگەن ـ مۇھەببەت!
كۈرەشلەردە يېڭىلمىگەن ئەر ئېدىم،
بىر سۆز بىلەن يېڭىلدۈرگەن مۇھەببەت!
ئالتۇن بېرىپ ئالالمىغان كوڭۇلنى،
بىر قاراشتا ئالالىغان مۇھەببەت.
جەڭ چېغىدا ئۆزى بولۇپ باشپانا،
ئۆلۈملەردىن ساقلالىغان مۇھەببەت.
مۇھەببەتنى يېنىپ تۇرغان ئوت دېدىم،
ئوتمۇ جاننى كۆيدۈرەلمەس ئۇنىڭدەك.
مۇھەببەتنى تولقۇپ ئاققان سۇ دېدىم،
سۇمۇ مېنى چۆكتۈرەلمەس ئۇنىڭدەك.
ژۇرىگىمنى كۆيدۈرسىمۇ ئازاپلاپ،
ئەشۇ ئوتتا كۆيۈشنى مەن خالايمەن.
ژۇرىگىمدە ۋەتەن ئىشقى يانمىسا،
هارارەتنى نەدىن تېپىپ ئالاي مەن؟
مۇھەببىتىم ـ مېنىڭ پۈتمەس بايلىغىم،
مۇھەببىتىم ـ پەرۋاز قىلار قانىتىم.
مەيلى، مالدىن كام بوپ ئۆتەي دۇنيادا،
ژۇرىگىمدە ئۆچمىسۇن شۇ يالقۇنۇم!

---

3

مۇھەببەت ـ ژۇرەكتىكى سوغۇلماس ئوت،
قۇياشتەك بار ئالەمگە نۇرىن چاچقان.
مەشۇق ـ نۇر، ئاشىق ـ ئۇنىڭ پەرۋانىسى،
كۆيۈشنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاتقان!
مۇھەببەت ـ ياش نەرسىدۇر، ھېچ قېرىماس،
ياشلىقنىڭ يالقۇنىنى ساقلار ئەبەت.
مۇھەببەت ـ مۇقەددەس روھ، مەڭگۈ ئۆلمەس،
ئۆلۈمنى يېڭەلەيدۇ چىن مۇھەببەت!
مۇھەببەت ـ پاك نەرسىدۇر، پاكنى خاھلار،
پەقەت پاك كۆڭۈلدىلا ياشالايدۇ.
ساختىلىق، خىيانەتنى كۆتەرمەس ئۇ،
ناكەسلەر ۋۇجۇدىدا ئۇ بولمايدۇ!
ھەر كۈنى مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىمەن،
ئەشۇ پاك ئىشقىمغا داغ تەگمىسۇن ـ دەپ.
يارىمنى سۆيگەندىمۇ ئاۋايلايمەن،
شۇ ئوتقا تامچە تېمىپ كەتمىسۇن، ـ دەپ!
ژىللار ئۆتۈپ بارغانسىرى قېرىساممۇ،
يالقۇنجاپ يېنىپ تۇرار ژۇرەك ئوتۇم.
جىسمىم قېرىپ ھالدىن كەتسۇن، مەيلى،
قېرىماس ئەلگە دېگەن مۇھەببىتىم!

---

4

تەبىئي، ھەر كىمنىڭ بىر سۆيگىنى بار،
چىن دىلدىن ئاشىق بولۇپ كۆيگىنى بار.
ھەر كىمنىڭ سۆيگەن يارى ـ ئۆزىگە ئاي،
ژۇرىگى، ئاشۇ ياردىن قۇۋۋەت ئالار!
ئاشىغى، مەنمۇ شۇنداق بىر گۈزەلنىڭ،
مېھرىۋان خەلقىم بىلەن تۇققان ئەلنىڭ.
دۇنيادا ھاياتىممۇ، بەختىممۇ شۇ،
بىر ئۆمۈر قۇلىدۇرمەن شۇ دىلبەرنىڭ.
مەن ئاشۇ خەلقىمنى دەپ ئوتقا كىردىم،
مەن ئاشۇ خەلقىمنى دەپ سۇغا ئاقتىم.
سادىقمەن ئۆمۈرۋايەت بۇ ئىشقىمغا،
ھېچقاچان قارشى سوققان ئەمەس قەلبىم!
سۆيگىنىم ـ قانداق گۈزەل، قانداق ھۆر ئۇ،
قانداق پاك، قانداق تازا، قانداق نۇر ئۇ.
مېنىڭ بار بايلىغىممۇ، راھىتىممۇ،
شاتلىغىم ـ قۇۋانچىممۇ ھەممىسى شۇ!

5

*يادىمدا، ئۆمرۈمنىڭ تاڭ چېغىدا،*
*قەلبىمدە يانغانىدى بىر يورۇق يۇلتۇز.*
*شۇ يۇلتۇز پارلاپ قەلبىم ئاسمىنىدا،*
*مۇقەددەس قۇياش بولۇپ قالدى يالغۇز!*
*ۋىللار ئۆتۈپ، بارغانسىرى ژۈرىكىمدە،*
*ئۇلغىيىپ بارماقتا بۇ قەلب قۇياشىم.*
*بۇ ئۆچمەس مۇقەددەس نۇر نېمە دېسەڭ،*
*ۋەتەننى، ئەلنى سۆيگەن مېنىڭ ئىشقىم.*
*مۇقەددەس بايلىغىمدەك بۇ ئىشقىمنى،*
*تەن بىلەن جان قېتىدا ساقلاپ كەلدىم.*
*بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندىمۇ،*
*يوقاتماي، ۋىللارنى مەن ئاتلاپ كەلدىم!*
*دوستلىرىم، مۇھەببىتىم - بايلىغىمدۇر،*
*قۇياشتەك يېنىپ تۇرغان قەلبىمدىكى.*
*بۇ ئوتنىڭ ئازابىمۇ راھەت — ماڭا،*
*شۇنىڭدىن كېلەر ماڭا جان لەززىتى!*
*بۇ سۆيگى قۇياشنىڭ پەرۋانى مەن،*
*كۆيگەنچە ياشىرىدۇ جېنىم مېنىڭ.*
*يان ژۈرەك، شۇ مۇقەددەس يالقۇن بىلەن،*
*شۇ ئوتتىن تېپىلىدۇ، بەختىڭ سېنىڭ!*

6

مۇھەببەت قۇياشىدىن تۇغۇلغانمەن،
خەلقىمنىڭ مېھرى بىلەن ژۈيۈلغانمەن.
دوستلىرىم، بىر قۇياش بار ژۈرىكىمدە،
شۇ دىلدىن سىزنى سۆيۈپ چوڭ بولغانمەن.
ياخشىنى كۆرسەم سۆيمەي تۇرالمايمەن،
سۇيىمەن،
جۇشقۇنلىنىپ قۇچاغلايمەن.
ژۈرىكىم ئىشقىڭلاردا كۆيۈپ تۇرسا.
مەن سىزنى سۆيمەي قانداق چىدالايمەن!
ئىشقىم بىلەن تالاي جاننى كۆيدۈرىمەن،
سۆيىمەن، سۆيۈندۈرۈپ سۆيدۈرىمەن.
قەلبىگە بېرىپ سۆيۈش لەززىتىنى،
بەختتىن روھلاندۇرۇپ، كۈلدۈرىمەن!
پەقەت ئىككى كۆززۈمگىلا قارىغىنا،
كۆز ئەمەس، شالقىپ ياتقان ئۇ بىر دۇنيا.
مېنىڭ ھەر قارىشىمنىڭ ئۆزى جەننەت،
ۋۈجۇدىڭ ئېرىپ كېتەر يالقۇنۇمدا!
كەل دوستۇم، شۇ ژۈرەكتە سۆيۈلۈپ قال،
بەختتىن يۈرەك باغرىڭ يايراپ كەتسۇن.
ئالەمگە چىقىپ كۈلكەڭ كۈي بولسۇن — دە،
نۇرۇڭدا پۈتكۈل ئالەم يورۇپ كەتسۇن!

7

ئالەمنىڭ ئىشقىنى ژىغىپ بىر ژۈرەككە،
ئاشىق بوپ، خەلقىم سېنى سۆيۈپ كەلدىم.
تەغدىرىنىڭ قارا تۈنى قاپلىسىمۇ،
مۇھەببەت يۇلتۇزىدەك كۆيۈپ كەلدىم.
گۈزەللەر گۈزىلىدۇر - ئۇيغۇر ئېلى،
شۇ خەلق ئىشقىدا مەن كۆيۈپ كەلدىم.
شۇڭلاشقا ناخشا ئېيتىپ قانچە سۆيسەم،
سۆيگىگە قانار ئەمەس، مېنىڭ قەلبىم!
ئىشقىڭنى ژۈرىكىمگە تېڭىپ خەلقىم،
ئەجەلگە قارشى باردىم، ئۆلمىدىم مەن.
چۆكمىدىم قارا تەغدىر ئوپقۇنىغا،
كۈرەشلەر يالقۇنىدا كۆيمىدىم مەن!
سېنى دەپ تارتتىم تالاي ئازاپلارنى،
ياتلارغا يامان ئاتلىق بوپمۇ ژۈردۇم.
كۆيسەممۇ، كۆيۈنسەممۇ ھەممىسىنى،
سۆيگىنىڭ موكاپىتى دەپلا بىلدىم.
بىر سېنىڭ خاسىيەتلىك مۇھەببىتىڭ،
مېنى كۆپ ئۆلۈملەردىن ساقلاپ قالدى.
بېشىمغا كۈن چۈشكەندە دەرمان بېرىپ،
كۈرەشتە دۈشمىنىمدىن غالىپ قىلدى.
جان خەلقىم، سېنى سۆيدۈم، شۇ تۈپەيلى،
سۆيۈلدۈم، مەنمۇ ئوتلۇق ژۈرەكلەردە.
سۆيگىنىڭ لەززىتىنى تالاي كۆردۈم،
يەتكەندە ئۇلۇق ئارزۇ — تىلەكلەرگە!
ئەل ئۈچۈن ئاتىغانمەن بارلىغىمنى،
بىلىمەن، يالقۇن ئوتتا كۈيىشىمنى.
ۋاقتى كېلىپ خەلقىم ئۈچۈن بېرەلمىسەم،
نېمىگە ساقلىغانمەن بۇ بېشىمنى!
خەلقنى سۆيگەن كىشى مەندەك سۆيسۇن،
بارىدىن ئايرىلسىمۇ «ۋاي!» دېمىگەن.
دۇنيانىڭ بار ئازاۋى بېسىپ تۇرسا،
شۇندىمۇ «سۆيدۈم سېنى خەلقىم!» - دېگەن.

8

ئەزەلدىن ئەلنى سۆيگەن سابىت ئىدىم،
هامان شۇ بىرلا سابىت بولۇپ كەلدىم.
سادىقمەن ئۆمۈرۋايەت بۇ ئىشقىمغا،
ھېچقاچان قارشى سوققان ئەمەس قەلبىم!
شۇ تازا ئوتلار يانغان مېنىڭ قەلبىم،
يەم بولۇپ، قارا يەردە ياتارمىدى؟
ئالەمگە نۇرىن چاچقان مېنىڭ روھىم،
تار لەھەت قۇچىغىغا پاتارمىدى؟
بىلىمەن، ھەممە جاننى ۋۇتار زېمىن،
ۋۇتالماس ئوت قاناتلىق شېئىرىمنى.
جىسمىم ئۆلسە ئۆلەر، شېئىر ئۆلمەس،
ئېيتىڭچۇ، قايسى شائىر ئۆلگەن ئىدى؟

يەر پەقەت ئۆلۈكىنلا ۋۇتالايدۇ،
مەن ئەمەس، بوزەك بولار شۇم ئەجەلگە.
قەلبىمنى ناخشا قىلىپ ئەيتىپ بولۇپ،
تەنىنلا قالدۇرىمەن قارا يەرگە.
چوغ ئەمەس، مېنىڭ قەلبىم ئۆچۈپ كېتەر،
يۇلتۇز ئەمەس مۇھەببىتىم كۆچۈپ كېتەر.
مەن مۇھەببەت ئاسمىنىنىڭ قۇياشى مەن،
ئەسىرلەرگە ئىسسىقلىغىم بېرىپ يېتەر!
دوستلىرىم ئۇنۇتۇم ئۆچۈپ بىر كۈنلەردە،
تۆيۇقسىز ئاراڭلاردىن ۋۇتۇپ كەتسەم.
قەۋرەمنى ئىزدىمەڭلار، قارا يەردىن،
خەلقىمنىڭ ۋۇرىكىدە مېنىڭ قەۋرەم!

1959 ـ 1965 ـ ۋىللار.

# ئىنسان توغرىلىق شېئىرلار

## ئىنسان

دېڭىزنىڭ تېگىدە ياتىدۇ ئالماس،
ئۇ چوكقۇر بولسىمۇ ئالىدۇ غەۋۋاس.
تەبىئەت ئۆزىنىڭ تىلسىم سىرىنى،
ئىنساننىڭ ئەقلىدىن يوشۇرا ئالماس!
ھەممىگە ھۆكۈمران بولىدۇ قىلىچ،
ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ تۇرىدۇ قىلىچ.
قىلىچ ئۇ ـ ھەممىگە قادىر بولسىمۇ،
ئىنسان ئىرادىسىنى سۇندۇرالماس ھېچ!
پۇل سېتىپ ئالىدۇ ئۈنچە ـ مارجاننى،
ھەتتە سېتىپ ئالىدۇ جىمى جاھاننى.
گەرچە، پۇل ھەممىنى سېتىپ ئالسىمۇ،
ئۇ سېتىپ ئالالماس تازا ۋىجداننى.
ھە شۇنداق، ھەممىدىن ئۇلۇقدۇر ئىنسان،
ئۇندا بار: ئەقىل ھەم ئىرادە، ۋىجدان.
ئىنسان شۇ ئۈچ قىرلىق خىسلىتى بىلەن،
ھەممىگە موشەررەپ، ھەممىگە سۇلتان!
دوستلىرىم ئەقىل ھەم ئىرادە، ۋىجدان،
ھەر كىمدە مۇجەسسەم بولمايدۇ ئاسان.
موشۇنداق مۇكەممەل ئىنساننى كۆرسەڭ،
ئەرزىيدۇ، يولىدا بولساقمۇ قۇربان!

## ھايات

بۇ دۇنيا ـ بىر ساراي،
ئادەملەر ـ مېھمان،
ھەر كىشى بىر كېچە قونۇپ ئۆتىدۇ.
بىرلىرى ھاياتتا بەختىيار ياشار،
بىرلىرى زار ۋىغلاپ، جونۇپ ئۆتىدۇ!
تۇغۇلۇپ كېلىسەن، ئۆلۈپ كېتىسەن،
دۇنيادا نېمە بار، كۆرۈپ كېتىسەن.
خوشاللىق دۇنياسى بۇ،
قايغۇ دۇنياسى،
گاھ ۋىغلاپ، گاھىدا كۈلۈپ كېتىسەن!
مەيلى سەن ئازاپ تارت،
ياكى راھەت كۆر،
بەرىبىر ئۆتىدۇ ئالتە كۈن ئۆمۈر.
ياخشى كۈن كۆرەمسەن ۋە ياكى يامان،
ئۆزگىدىن ئەمەس ئۇنى،
ئۆزەڭدىنلا كۆر!
دۇنياغا پەقەت ئويناپ ـ كۈلۈشكە ئەمەس،
ھاياتنى گۈللىتىشكە كېلىدۇ ئىنسان.
ھاياتقا مەڭگۈگە قالماق ئىستىسەڭ،
مەڭگۈلۈك ئىشلارنى قىلغىن ئەي، ئوغلان!
سامادىن بىر يۇلتۇز «يالت» قىلىپ كۆچتى،
كۆچتىدە، شۇ زامان ئىزلىرى ئۆچتى.
بۇ ھايات ئالىمىدە سەنمۇ بىر يۇلتۇز،
بىل، قانداق نۇر چېچىپ، قانداق ئۆچۈشنى!

## دوستۇمغا

ھۇرمەتكە سازاۋەر بولۇش تەس ئەمەس،
مۇھەببەتكە سازاۋەر بولۇش ـ ئۇ بەك تەس.
ھەركىمگە شاھ بولۇش شەرت ئەمەس، ئەمما،
خەلقىگە سۆيۈملۈك بولالىساڭ، بەس!
ھاياتتا، نومۇسنى يوقاتماق ئۇڭاي،
شەرەپلىك ئىش قىلماق ـ شۇنچىلىك قىيىن.
ئىنسانچە شەن بىلەن ياشىماق كېرەك،
دۇنياغا ئىنسان بوپ كەلگەندىن كېيىن...
ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزسەڭ كۈرەش ئەۋجىدە،
سۆيۈملۈك بولىسەن خەلقىڭ قەلبىدە.
نېمە ئارمان، ئانىدىن يەرگە تۇغۇلۇپ،
ئۆلگەندە كۆمۈلسەڭ، ئىسسىق زېمىنگە.
ۋەتەنگە مۇھەببەت ـ ئۇلۇغ پەزىلەت،
تىكىنى ـ گۈل ئۇنىڭ، ئازاۋى ـ راھەت.
ئەرك ئۈچۈن كۈرەشتە ئۆتسە ئۆمرىڭ،
گۈل ـ چېچەك ئۈنىدۇ ئىزىڭدىن ئەبەت!
ئەي، دوستۇم، جانجان تۇققان ئېلىڭگە،
سۆيۈملۈك بولماققا تىرىشقىن ھامان.
ھاياتتىن خوشلىشىپ كېتەر چېغىڭدا،
كۆڭلۈڭدە قالمىسۇن «ھەسسىنە» ئارمان!

# ئىنسان ـ قۇياش

قارىغىنا، نېمە دېگەن گۈزەل بۇ دۇنيا،
نېمە دېگەن چىرايلىق: يەر، دېڭىز، ئاسمان.
جەننەتتىن ئەندازا ئالغاندۇر گويا،
ھاياتتا ياشىماق نېمە دېگەن ئۇبدان!؟
شۇ گۈزەل دۇنيانىڭ ھەر پەللىسىدە،
ياراتقۇچى ئىنساننىڭ قولىنى كۆردۈم.
ئۇنىڭ ھەر مۆجىزە، ھەر چەللىسىدە،
ئەجدادلار قالدۇرغان ھۆلىنى كۆردۈم.
ھە، شۇنداق، تارىخنىڭ ھەر ـ بىر بېتىدە،
ھەزرىتى ئىنساننىڭ باسقان ئىزى بار.
دېمەككى، ئىنسان بىلەن پۈتۈلدۇر ئالەم،
ئادەمسىز دۇنيانىڭ نە قىزىقى بار؟
ھەممىنى ياراتقۇچى قۇدرىتى بىلەن،
دۇنيادا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ئىنسان.
ئۆتسىمۇ مىلليون يىل، مىڭلاپ ئەسىرلەر،
ئىنسان بۇ دۇنيانىڭ خوجىسى ھامان!
ئېھتىمال، بۇ دۇنيا قېرىپمۇ كېتەر،
ۋالېكىن، ھېچقاچان قېرىماس ئىنسان.
تەكەببۇر تاغلارنىڭ قەددى پۈكۈلەر،
ھېچقاچان پۈكۈلمەي تۇرار ئۇ ھامان!
نى ئۇلۇغ دەريالار ئېقىپ سوغىلار،
ۋالېكىن سوغۇلماس ئىنسان ژۇرىگى.
شوخ شاقراتمىلار ھەم كۈيلەپ بېسىلار،
جاراڭلاپ تۇرار ھامان ئىنسان كۈيلىرى.
ئېھتىمال، يۇلتۇزلار ئۆچۈپمۇ كېتەر،
ئۆچمەستىن قالىدۇ ئىنساننىڭ ئەقلى.
بىر چاغلار، ئايىڭمۇ ئۆمرى تۈگەر،
تۈنلەرنى يۇرىتار ئەقلىنىڭ نۇرى.
قۇياشنىڭ نۇرى ھەم سۇنەر ئاقىبەت،
ئىنساننىڭ زىياسى سۇنمەستىن قالار.
نۇرى چاقناپ، كۈيى ياڭراپ،
يەرنىڭ يۈزىدە،
مىللىون يىل ياشايدۇ ئادىمزاتلار!
نۇرىدا ئالەمنى يورۇتسا قۇياش،
زېمىننى يورۇتقان نۇر ـ ئىنسانىيەت!
كۈيلىسەڭ، ئەمگەكچى ئەلنى كۈيلەيلى،
دۇنيانى ياراتقان شۇ ئۇلۇغ قۇدرەت!
ئىنساننى خۇش قىلساڭ ـ ئالەم كۈلىدۇ،
خورلىساڭ ـ تاغلار ھەم ۋولقان ئاتىدۇ.
شۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ قارغىشى ئالغان،
ناكەسنى ئاقىۋەت زېمىن ۋۇتىدۇ!
ئىنساننى ئۇلۇغلاپ ئۆتەيلى دوستلار،
مۇبارەك كۆزىدە ئەگمىسۇن ياش.
دۇنيانىڭ ئەبەدى سۇلتانى بولۇپ،
ئەقلىدە نۇر چېچىپ تۇرسۇن شۇ قۇياش!

## ۋاقىت ـ ئۆمۈر

ۋاقىتنى «ئالتۇن ئوق» دەيدۇ خەلقىمىز،
بۇ سۆزدە ۋاقىتنىڭ قىممىتى ئايان.
ئالتۇننى تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما،
ئۆتكەن گۈل ياشلىقىڭ كەلمەس ھېچ قاچان!
ۋاقىت ـ ئۇ ھاياتىدۇر، ۋاقىت ـ ئۇ ئۆمۈر،
كۈن ئۆتتى ـ ئۆمۈر گۈلىڭ تۆكتى بىر ياپراق.
تەبىئەت قايتىدىن ياشارغان بىلەن،
ئىنساننىڭ ھاياتى ياشارماس، بىراق...

ھېچ قانداق ئەۋلاتقا نىسىپ بولمىغان،
مۇقەددەس ژۇك بىلەن كەلدۇق ھاياتقا.
بىز قىلار خىزمەتلەر شۇنچىلىك جىقكى،
ئۇن ئۆمۈر ياشىساقمۇ يەتمەتتى ئاڭا!

ۋا لېكىن، تەبىئەت تېخىچە تەرسا،
ئۆمۈرنى دېگىنىدىن ئارتۇق بەرمەيدۇ.
ــ «بۇ قېتىم بولمىسا، كېيىن» ـ دېگىلى،
ئىنسان بۇ ھاياتقا ئىككى كەلمەيدۇ!

ئىنساننىڭ كۆڭلى قالمايدۇ قېرىپ،
ژۇرەكتە ئوت بولۇپ يانىدۇ ئارمان.
بەش كۈنلۈك دۇنيادىن ئارماندا كەتمەي،
ياخشىغۇ مۇراتقا يېتىپ ياشىغان!

ھەي، دوستۇم، ھاياتلىق شۇڭقارىڭنى سەن،
دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇق ئارزۇلارغا سال.
قايتىلانماس شۇ قىززىق ھايات چېغىڭدا،
تىرىش، تىرماش،
نېمە ئارزۇڭ بولسا يېتىۋال!

## ئۆمۈر ــ ئىجات

دوستلىرىم، ئۆمۈر ـ ئەمگەك، ئۆمۈر ـ ئىجات،
ئىجاتلا بىزەلەيدۇ بۇ ئۆمۈرنى...
ئىجاتسىز ئۆتسە ئەگەر بىرەر كۈنۈم،
ھاياتقا سانىمايمەن، شۇ بىر كۈننى!

ناخشىلار ئىجات قىلسام ـ قۇۋۋىنىمەن،
قىلمىسام ئەۋلادىمدىن ئۇيۇلىمەن.
ئىجاتسىز ئۆتكۈزگەن ھەر كۈنۈم ئۈچۈن،
ئەل ئالدىدا گۇناھكاردەك تۇيۇلىمەن!

ياشاشنىڭ بار قىززىغى ـ ئىجات ـ ئەمگەك،
ئىجاتنىڭ لەززىتىگە قانالمايمەن...
ئۆمۈردە ھەر كۈننىڭ ئۆز خىزمىتى بار،
بىر كۈننى بوشقا بېرىپ قويالمايمەن!

كۈن ـكۈبېت، ئايلار ـ داستان، ژىللار ـ رومان،
ئۆمۈرنى ئىجات بىلەن ئۆتكۈزىمەن...
خەلقىمنىڭ مەڭگۈ سوققان ژۈرىكىدەك
مەڭگۈ ئۆلمەس ناخشىلارنى پۈتكۈزىمەن!

كۈن قوغلاپ، ئاي يورغىلاپ، ژىللار ئۆتەر،
ژىللارنىڭ قانىتىدا ئۆمۈر كېتەر.
ياشىغان ھاياتىڭدىن ئىز قالمىسا،
شائىر ــ دەپ دوستۇم سېنى كىم ياد ئېتەر؟

دوستلىرىم، ئۆمۈر ـ ئەمگەك، ئۆمۈر ـ ئىجات،
ئىجاتلا بېزەلەيدۇ، بۇ ئۆمۈرنى...
ئىجاتسىز ئۆتسە ئەگەر، بىرەر كۈنۈم،
ھاياتقا سانىمايمەن، شۇ بىر كۈننى!

## ئىجات دەردى

*شائىرنىڭ مەشۇغى ـ ئىلھام پەرىسى،*
*ئەركىلەپ بوينۇمغا قولىنى سالدى.*
*پەرىنىڭ سېھىرلىك سۆيۈشى بىلەن،*
*قەلبىمدە بىر يېڭى تۇيغۇ ئويغاندى.*

*خىيالىم قۇشلىرى ئۇچتى قاناتلاپ،*
*مەن يەنە قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم.*
*ئىھتىراس ئوتىدا قانلىرىم قايناپ،*
*ھىسسىيات ئىلكىدە ئوت بولۇپ ياندىم.*

*ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى تاڭلارغا ئۇلاپ،*
*ئاق قەغەز ئۈستىگە ئاقتى كۆز نۇرۇم.*
*مىسرالار سېپىگە قاتار تىزىلغان،*
*سۆز ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ژۈرەك دۇرلىرىم!*

*ئۈپۈقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا قۇياش،*
*قەلبىمدىن تۇغۇلدى بىر يېڭى شېئىر.*
*ئوغلىغا تەلمۈرۈپ باققان ئانىدەك،*
*زوق بىلەن قارىدىم، تۆكۈلۈپ مېھىر!*

*بىر ياخشى شېئىرنى ئىجات ئەتمەكلىك،*
*شۇنچىلىك ئازابۇ، شۇنچىلىك ھادۇق.*
*ئىجات ـ ئۇ قانچىلىك ئازاپ بولسىمۇ،*
*مەن لەززەت كۆرمىدىم، ئۇنىڭدىن ئارتۇق!*

*شائىر بولۇش ـ بۇ مېنىڭ قىسمىتىم ئېكەن،*
*بىر ئۆمۈر كۆيدۈم مەن ئىجات ئوتىدا.*
*شېئىرىم خەلقىمنى خۇش قىلالىسا،*
*رازىمەن، شائىرنىڭ بەختى شۇندىدە!*

*ژىللار، 1961 ـ 1966*

## هايات ـ داستان

بۇ دۇنيا ـ قايناپ تۇرغان كۈرەش مەيدانى،
شۇ مەيداندا جەڭ قىلىپ ياشايدۇ ئىنسان.
ئاشۇ قىزىق كۈرەشنى باشتىن كەچۈرگەن،
هەر ئادەم ئۆزى بىر جەڭچى ـ قەهرىمان!
ئەگەر نەزەر تاشلىساڭ ئىنسان قەلبىگە،
ئىچى ئۇنىڭ هىساپسىز سىرلارغا تولغان.
ئالدىڭغا دۇچ كەلگەن هەر ئاددىي ئىنسان،
تېخى سەن ئوقۇمىغان يېڭى بىر داستان!
بۇ داستان باپلىرى قۇرۇق سۆز ئەمەس،
هەر بېتىدە هاياتنىڭ ئۆچمەس ئىزى بار.
ئۇندا ياتار كومىدىك مەسخىرىلەر هەم،
قانچىلىغان تىراگىدىك قەهرىمانلىقلار!
سەن قانچىلىك «بىلمەن!» دېسەڭ ئادەمنى،
يەنىلا سەن بىلمىگەن قالىدۇ سىرلار.
ئىنسان قەلبى شۇنچىلىك سىرلىق ئىلمكى،
بىلسەڭ ئېدىك هەركىمنىڭ قەلبى بىر دۇنيا!..

ژىغلىغانغا قاراپلا «مىسكىن» دېمىگىن،
ژۈرىكىدە چاقنايدۇ، ئۈمىت يۇلتۇزى...
كۈلگىنىگە قاراپلا «دەردى يوق» دېمە،
قەلبىدە بار ساقايماس جاراهەت ئىزى...
سەن قەهرىمان! ـ دەپ ژۈرگەن بەزى كىشلەر،
نەق مەيداندا قورقانچاق، خائىن بولىدۇ.
سەن كۆزۈڭگە ئىلمىغان، بىر ئاددى ئىنسان،
قەهرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭدە ئۆلىدۇ!
چىن ئىنسان شۇ كۈرەشنىڭ ئېگىز كۆكىدە،
چاقماق كەبى بىر يېنىپ ئۆچكەن بولىدۇ...
سەن ئۇنى بىر سۆيۈپ ئالاي دېگىچە،
قەهرىمان دۇنيادىن ئۆتكەن بولىدۇ...
هاياتتا، هەر ئادەم ئۆزى بىر داستان،
هەي، دوستۇم، قەدىرلەپ ئاسرىغىن شۇنى.
ئۆزەڭنى قانچىلىك «ئولۇق» دەپ بىلسەڭ،
ئۆزەڭدىن ئارتۇغراق كۆرگىن سەن ئۇنى!
1960 ـ 1966 ـ ژىللار.

## ناخشا

(تۇركۈم)

1

*مەن هاياتقا ژىغلاشقا ئەمەس،*
*ناخشا ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنمەن.*
*ناخشىلارغا ئامراق خەلقىمىز،*
*شۇڭا شائىر بولۇپ قالغانمەن!*

*تەغدىر ماڭا كۈلۈپ باققاندا،*
*ۋۇجۇدىمدا سۆيۈنچ ئاققاندا.*
*ناخشا ئېيتىپ ئۆتىمەن دوستلار،*
*بۇلبۇل قۇشلار قانات قاققاندا.*

*ئەزىز باشقا چۈشكەندە كۈلپەت،*
*ژۈرىكىمنى موجىغاندا دەرت.*
*شۇ چاغدىمۇ ناخشامنى ئېيتىپ،*
*ئۆز ئۆزەمگە بېرىمەن مەدەت!*

*سەهەر بالقىپ قۇياش چىققاندا،*
*ناخشا ئېيتىپ قارشى ئالىمەن.*
*كەچ، قىزىرىپ قۇياش پاتقاندا،*
*ناخشا ئېيتىپ ئۇزىتىپ قالىمەن!*

*هامان ناخشا ئېيتىمەن، دوستلار،*
*ناخشا ژۈرەكنىڭ كۈيى ئەمەسمۇ!*
*ناخشا ـ تەشنالىقنى قاندۇرغان،*
*جانىنىڭ لەززەت سۈيى ئەمەسمۇ!*

*بىمار بولۇپ قالسام ئەگەردە،*
*دورا ئەمەس، ناخشا بېرىڭلار.*
*ژۈرەك توختاپ، ئۆلۈپ قالسام مەن،*
*ناخشا بىلەن تىرىلدۈرۈڭلار!*

*ناخشا ئېيتىپ تۇغۇلغان ئېدىم،*
*ناخشا ئېيتىپ ئۆتتۇم هاياتتا.*
*ئەگەر ئۆلۈپ، قەبرىدە ياتسام،*
*قەبرەمدىنمۇ ئاڭلىنار ناخشا!*

2

هايات ـ ناخشا، ناخشا ئېيتسپ كەلگەنمەن،
ناخشا ئېيتىپ كۈرەشلەرگە كىرگەنمەن.
ژۇتماق بولۇپ، قارشى كەلگەن ئەجەلگە،
ناخشام بىلەن ئوتلۇق جاۋاپ بەرگەنمەن!

ناخشا ئېيتىپ ئۆتكۈزىمەن ھەر تۈننى،
ناخشا ئېيتىپ قارشى ئالىمەن ھەر كۈننى.
ناخشىلاردىن ئوت ـ ھارارەت ئالمىسام،
نېمەم بىلەن ئىسسىتارمەن كوڭلۈمنى!

ناخشا دېگەن ـ ژۇرەكتىكى مۇھەببەت،
ناخشا دېگەن ـ يېنىپ تۇرغان ئوت ـ نەپرەت.
قايسى ئىنسان قەلبىدە كۈي بولمىسا،
ئۇ ـ قەلبسىز، ھارارەتسىز بىر جەسەت!

ناخشىلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ـ ئازاتلىق!
شۇ ناخشىنى ياڭرىتىمەن جاراڭلىق.
مېنىڭ ناخشام ـ ئوت قاناتلىق كۈي بولۇپ،
ئەسىرلەردىن ئالقىپ ئۆتەر قاناتلىق!

مېنىڭ ناخشام ـ ناخشىلارنىڭ ئەۋزىلى،
ژۇرەكلەرگە ئوتنى ياقار ھەر ـ بىرى.
بۇ ناخشىدا ئاڭلىنىدۇ خەلقىمنىڭ،
قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئارمان، دەرتلىرى!..

ناخشام مېنىڭ ـ بوران بولۇپ ھايقىرار،
دېڭىزلاردەك تولقۇن ئۇرۇپ چايقىلار.
ناخشام مېنىڭ ئازاتلىقنىڭ گىمنى بوپ،
ئازات ۋەتەن ئاسمىنىدا ياڭرار!

1965 ـ ژىل.

# شائىر تۈيغۇلىرى

## شائىر

شائىرنىڭ قەلبى ئۇ ـ خۇددى باھار ـ ياز،
ھەر سەھەر بەرىق ئۇرۇپ گۈللەر ئېچىلار.
جىلۋىلىك رەڭلىرى، خۇش پۇراقلىرى،
خەلقىنىڭ قەلبىگە نۇر بوپ چېچىلار!

شائىرنىڭ قەلبى ئۇ ـ ئەينىكى جاھان،
ئۇنىڭدە ئەكس ئېتەر جىمىكى ئالەم.
تەپەككۇر كۆزىدىن چەتتە قالالماس،
ئاجىز ـ مىسكىنۇ، پادىشالار ھەم!

شائىرنىڭ ژۇرىكى خۇددى بىر گۈلخان،
ـ ئاھ! ـ دېسە يالقۇنى ئۇچار ھاۋاغا.
گەر شائىر ناخشا ئېيتسا تاغلار تىترەيدۇ،
ئاۋازى ئوخشايدۇ گۈلدۈرماماغا!

شائىر ـ ئۇ خەلقتىن تۇغۇلغان ئوغلان،
خەلقىنىڭ ۋىجدانى، ئۇندىكى ۋىجدان.
خەلقىنىڭ پەرزەندى بولالمىسا ئۇ،
ئەل سۆيگەن شائىرى بولماس ھېچقاچان!

شائىرنىڭ ئەقلى بىلەن ۋىجدانى،
ۋەتەننىڭ مېھرىدىن بولىدۇ ھاسىل.
ۋەتەننىڭ ئەمرىدىن ئۆزگە ئەمرىنى،
ھېچ قوبۇل قىلمايدۇ، ھەقىقى شائىر!

## شائىر سۆزى

دۇنيانىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن ھېكمەتلىرى،
ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك لەززەتلىرى.
كوڭلۈمنى ئالدالمىدى ئەزەلدىنلا،
ئىزلىدىم مەن ھاياتنىڭ مەناسىنى!

بۇ دۇنيا، بولسىمۇ بىر گۈلزار ئېتىز،
كۆپلەردىن ئېشىپ قالغان بۇ قىرى قىز.
تالاي شائىر بۇ دۇنيانى جاراڭلاتقان،
تالاي ئالىم سىرلىرىنى ئاچقان تىڭ ئىز!

دۇنياغا يېڭى كەلگەن شائىرىڭمەن،
تەكرارلاپ قالالمايمەن كونا كۈينى.
ئۆرلىگەن ئوت قاناتلىق ناخشام بىلەن،
ياڭرىتىمەن، دۇنيا دېگەن كونا ئۆينى.

شائىرمەن، شائىرلارنىڭ تاپقۇرى مەن،
تىڭ ئويلاپ، تېرەن سىرلار ئاختۇرىمەن.
دۇنيانىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرىنى،
ناخشامدا ۋاقىراشنى ياقتۇرىمەن!

مېسىنىڭ مىڭ گرادۇس دومنىسىدا،
بالقىتىپ ئالماس كەبى پىكىرلەرنى.
سۇغىرىپ، تازا ژۇرەك قېنىم بىلەن،
يارىتىمەن مەڭگۈ ئۆلمەس شېئىرلارنى!

يالقۇن ئەمەس، مېنىڭ قەلبىم ئۆچىدىغان،
سايە ئەمەس، كۈنگە بېقىپ كۆچىدىغان.
شېئىرىيەت كۆكىنىڭ بىر يۇلتۇزى مەن،
دۇنياغا ئۆز نۇرۇمنى چاچىدىغان!

# شائىر سىرى
## (تۈركۈم)

1

ھاياتقا مەن ئەتىگەن كەلمەس ئىدىم،
زامانىنىڭ چاقىرىغىنى ئاڭلاپ كەلدىم.
ئىنقىلاپچىل بوپ ياشاشنى ئەلا بىلىپ،
قايناق كۆرەش ئەسىرىنى تاڭلاپ كەلدىم!

ئىنقىلاپ زامانىدىن تۇغۇلغانمەن،
كۆرەشلەر قايىنىمدا چوڭ بولغانمەن.
مەسلىكىم ـ يېنىپ تۇرغان مەشئىلمىدۇر،
قەسەمگە سادىق بولغان بىر ئوغلانمەن.

ئەزەلدىن يارىتىمەن ئەركىلەشنى،
بىلمەيمەن ئەيمىنىشنى، تارتىنىشنى.

ھەر قانداق بوغاۋلاردىن روھىم ئازات،
ئۆلۈمدىن ئېغىر ئالىمەن باش ئېگىشنى!

دۇنياغا يېڭى كەلگەن سابىتجان مەن،
ئۆزەمگە ئۆزەم ئىگە، ئۆزەم خانمەن.
خەلقىمنىڭ خىسلىتى بار ۋۇجۇدىمدا،
ھېچكىمگە باش ئەگمەيدىغان ئەركە جان مەن.

ئاخماقنىڭ ئەقلىنى ئاڭلىمايمەن،
قورقۇنچاقنىڭ ۋايىدادىغا قارىمايمەن.
يۈزىگە تۆھمەتخورنىڭ تۈكۈرىمەن،
ئىنقىلاپ يولىدىن ھېچ ئايىنمايمەن!

2

ئەسلى مەن، چىن يۈرەكتىن ئەلنى سۆيگەن،
ئاق كۆڭۈل، ئاددىيلا بىر يىگىت ئىدىم.
باش ئەگمەي قارام تەغدىر يازمىشىغا،
بىچارە ئۇيغۇرۇمنىڭ غېمىنى يېدىم!

قاتىللار مېنى ئۆلتۈرۈپ كۆمگەن ئىدى،
ھاياتقا يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇپ كەلدىم.
دوستقا ـ دوست، دۈشمەنلەرگە مۇرەسسەسىز،
ئاينىماس جەڭچى يىگىت بولۇپ كەلدىم.

بىر قارىساڭ، كۈلۈپ تۇرغان نۇرلۇق كۈن مەن،
بىر قارىساڭ ـ ئۇرۇپ تۇرغان سوغ جۇدۇن مەن.

مۇھەببەت، نەپرەت يانار يۈرىكىمدە،
موشۇنداق ئىككى بىسلىق بىر ئوغۇلمەن!

دوست بولساڭ، كەل شۇ دىلدا سۆيۈلۈپ قال،
بەختتىن جىبىنىڭ ياشناپ چېچەك ئاتسۇن!
ئالەمگە چېقىپ كۆلكەڭ كۈي بولسۇن ـ دە،
نۇرۇڭدا پۈتۈن ئالەم يورۇپ كەتسۇن!

قەست بولساڭ ـ قايت ئارتىڭغا، يېقىن كەلمە،
لاۋۇلىغان يانار تاغ ـ مەن، ئۆرتىنىسەن.
كۆزۈم ـ ئوت، كىرپىكىم ـ ئوق، تىنىم ـ بومبا،
تا، يەتمىش پۇشتۇڭغىچە كۈل بولىسەن!

3

دوستلىرىم، كىم ھەقىقى ئەلنى سۆيگەن
بولسا، شۇ بۇ ھاياتتا ئۆلمەيدىغان.
نېمىشكە ئۆلىدۇ، ئەل شائىرلىرى،
دۇنيانىڭ جارچىسىغۇ ـ شائىر ئىنسان!

ھاياتقا كەلدىم، قايتىپ ئۆلمەس ئۈچۈن،
ئۆلۈمنىڭ قارا يۈزىنى كۆرمەس ئۈچۈن.
خەلقىمنىڭ يۈرىكىدە قالار قەلبىم،
دوزاقنىڭ ئوتلىرىدا كۆيمەس ئۈچۈن.

شائىر مەن، كوكرىكىمدىن كۈي تۆكۈلگەن،
ناخشىلارنىڭ قانىتىدا ئۇچۇپ يۈرگەن.
ئۆلمەيمەن، مەيلى مىڭ قات كۆمسۇن مېنى،
ئېيتىقىنا، شائىر ئوغۇل نەدە ئۆلگەن؟!

ئۆرلىگەن ئوت قاناتلىق ناخشام بىلەن،
مەن تاللاي ئەسىرلەرگە بارالايمەن!
كېلەچەك ئەۋلادلارنىڭ يۈرىكىدە،
كۈي بولۇپ، ناخشا بولۇپ جاراڭلايمەن!

1960 ـ 1965 ـ يىللار.

# ئانا ۋەتەن

ئەي، ئانا ۋەتىنىم ـ ئۇيغۇرىستان،
بىز ساڭا ئاشىق بوپ كەلدۇق ھەر قاچان.
سېنىڭ بىر نەپەسلىك ھۆرلىگىڭ ئۈچۈن،
بىر ئەمەس يۈز جېنىم بولسۇن سادىغاڭ!

بۇ يولدا قانچىلىك قۇربانلار بەردۇق،
زىنداندا ياتتىغۇ مىڭ ـ مىڭلاپ ئوغلان.
نە كۈنلەر كۆرمىدى ئەزىز بېشىمىز؟
بىز تارتقان ئازاپلار ئۆزەڭگە ئايان!

قوينۇڭدا قانچىلىك ئازاپ تارتسامۇ،
باغرىڭ، ئانا قۇچىغىدەك يېقىملىق ماڭا.
سېنىڭ ساپ ھاۋارىڭ، شەربەت سۇلىرىڭ،
بۇ مېنىڭ مەجرۇھ تېنىمگە داۋا!

مەن ۋەتەن ئوغلىمەن ـ دېگەن بىر تۇيغۇ،
سېۋىنچ قوينىغا تاشلايدۇ مېنى...

خەلقىمگە دېگەن بىر ئىزگۈ مۇھەببەت،
كۈرەشتە غەلىبىگە باشلايدۇ مېنى...

ۋەتىنىم، مېھرىۋان، ئىللىق قوينۇڭدا،
سەبىدەك ئەركىلەپ ياشايمەن ھامان.
بىلمەيمەن جاھاندا يەنە بارمىكىن؟
سېنىڭدەك ئارامبەخش سۆيۈملۈك ماكان!

ئاھ، ئانا ۋەتىنىم، سېنىڭ باغرىڭدا،
مېھرىڭگە قېنىپ ياشاش قانچىلىك راھەت!
ھاياتنىڭ ئاچچىغى ـ چۈچۈكلىرىنى،
ئەل بىلەن تېتىپ ياشاش قانچىلىك راھەت!

خۇدانىڭ جەننىتى ماڭا كېرەك ئەمەس،
قۇچىغىڭ جەننەتتىن ئارتۇقدۇر ماڭا.
تىلەيمەن، قوينۇڭدا ئۆتسە ئۆمرۈم،
ئۆلگەندە قەۋرەم قوينۇڭدا قالسا!

1966 ـ ژىل، يانۋار.

# ئانامغا خەتلەر

## (تۈركۈم)

### 1

جېنىم ئانا، يادىمدا تېخى،
ئاق سۈت بېرىپ مېنى باققىنىڭ.
ئوغلۇڭ ئۈچۈن كېچەيۇ ـ كۈندۈز،
پەرۋانە بوپ، قانات قاققىنىڭ.

كىرپىك ئىلماي، ئۇزاق تۈنلەردە،
ئەللەي ئېيتىپ كۈيلىگەنلىرىڭ.

بىر تەڭرىگە قىلىپ ئىلتىجا،
يورۇق ئىقبال تىلىگەنلىرىڭ.

سەن ئامانلىق تىلىگەن ئېدىڭ،
باشقا ئېكەن تەغدىر يازمىشى.
قارا كۈنلەر ئايرىدى بىزنى،
قۇرىمىدى كۆزلەرنىڭ يېشى.

ئۆمۈر بويى ئايرىلىپ ئۇتتۇق،
ئارىمىزنى توردى ھېجران.
سېغىنىشنىڭ ئاچچىق ئازاۋى،
قەلبىمىزنى موجىدۇ ھامان،

ئانا ـ بالا سىردىشىپ ئۆتكەن،
ئاشۇ كۈنلەر قالدى ئۇزاقتا.
ـ سابىتجان! ـ دەپ قىچقارغان ئۈنىڭ
ياڭراپ تۇرار تېخى قۇلاقتا!

بۈگۈن مانا، زىنداندا يېتىپ،
باغرىم ئانا، سېنى ئەسلىدىم.
دىدارىڭنى بىر كۆرۈۋالسام،
كېچەر ئېدىم جاننىڭ ۋەسلىدىن!

---

### 2

*جېنىم ئانا، قارا تەغدىر ئايرىدى بىزنى،*
*كەتتىم، ئېغىر كۈنلەرنى بېشىمغا ئېلىپ.*
*قىرىق ژىل كۆتەردىم ھېجران تېغىنى،*
*ھەر قانچە دەرتلەرنى باغرىمغا سېلىپ.*
*ئايلار ئۆتتى، شۇندىن بېرى ژىللارمۇ ئۆتتى،*
*تەغدىر قولى بىزنى ئېلىپ كەتتى ئۇزاققا.*
*ئۈمىتنىڭ رىشتىسى ئۈزۈلدى ئاخىر،*
*قالدۇق بىز تۈگىمەس ئوتى پىراققا...*
*باھار چېغى قايتىپ كەلگەن قۇشلارنى كۆرۈپ،*
*ـ مېنىڭ ئوغلۇم كېلەر! ـ دەپ، كۈتمە ئانىجان.*
*سابىتجان ـ ئوغلۇڭ قايتىپ بارالماس،*
*قوينىغا ئالدى ئۇنى قاراڭغۇ زىندان!*
*سامادىن يۇلتۇزۇم قويۇلۇپ چۈشتى،*
*ژۈرەكتە ئۈمىتنىڭ ئوتلىرى ئۆچتى.*
*پەلەكتە پەرۋاز قىلغان بۈركۈت ئېدىم مەن،*
*بۈركۈتتەك ئوغلۇڭ قەپەزگە چۈشتى!*
*جېنىم ئانا، شور ئېكەن پىشانەڭ سېنىڭ،*
*دۇنياغا كەلدىڭۇ، راھەت كۆرمىدىڭ.*
*بوتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان تۆگىدەك،*
*چۆللەردە زار ژىغلاپ ئۆتتى ئۆمرىڭ!*
*يادىمدا، بىر چاغلار سەن، قەددى كېلىشكەن،*
*سەرۋى قامەت، خوشچىراي بىر جۇگان ئېدىڭ.*
*ئالەمگە مېھرىنى تۆككەن قۇياشتەك،*
*ھەممىگە مېھرىۋان، كۆيۈمچان ئېدىڭ.*
*قىزىلگۈلدەك چىرايىڭ سولىشىپ ئەمدى،*
*غەم ـ قايغۇدىن بېشىڭغا قىرۇۋ قونغاندۇ.*
*پىشانەڭگە بەلكىم باەقورۇقلار كىرىپ،*
*مېھرىۋان كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشقاندۇ!*
*جېنىم ئانا، بۇ ھىجران كۈنلىرى ئۆتۈپ،*
*سېنىڭ نۇرلۇق دىدارىڭنى كۆرەرمەنمۇ مەن؟*
*قاراتۇرۇق سايلىرىنىڭ شاقىراپ ئاققان،*
*سۈيىن ئىچىپ، باغلىرىدا ژۈرەرمەنمۇ مەن!؟*

3

ئاھ ! ـ دېسەم، ئاۋازىم يەتمەيدۇ، ئانا،
قاراڭغۇ زىنداندا ياتمەن ھەنۇز...
جىسمىمنى غاجايدۇ، تۆمۈر كىشەنلەر،
قەلبىمنى ئېزىدۇ ئەلەم ۋە ئەپسۇس !
بىلمىدىم، شۇنچىلىك شورمۇ پىشانەم،
يا، تەگرىم بەختىمنى قارا ئەتكەنمۇ ؟
ـ ئانا ! ـ دەپ زارلىسام يەتمەيدۇ ئاھىم،
زارىمنى شاماللار ئېلىپ كەتكەنمۇ ؟
قىرىق ژىل كۆتەردىڭ ھىجران تېغىنى،
قىرىق ژىل كۆزلىرىڭدە قۇرىمىدى ياش !
ئاخىرى ئازاپلار قەددىڭنى پۈكتى،
چىرايىڭ سارغايدى زەپىران ئوخشاش.
ـ ئوغلۇمنى كۆرەلمەي ئۆلەرمەن ، ـ دېگەن
بىر ئارمان قىينايدۇ بۇراپ ئىچىڭنى.
شۇ ئارمان بىمەزگىل قېرىتقان سېنى،
شۇ ئارمان ئاقارتتى قارا چېچىڭنى...

جان ئانا، كۆز ژۇمسام، تەسەۋۋۇرۇمدا،
ئوقيادەك مۈكچەيگەن قامىتىڭ ئايان.
بىز تارتقان دەرتلەرنىڭ بارمۇ داۋاسى،
دادىخا ئىزدەپ بىز بارىمىز قايان ؟!
سەن ئۇندا زارلىنىپ ژىغلايسەن ئانا،
مەن بۇندا قان ژۇتۇپ ھەسرەت چېكمەن.
ئوغلۇڭنى زىندانغا سالغاننى ئاز دەپ،
سېنىمۇ ئەزمەكتە بۇ ياۋۇز دۈشمەن.
ـ مېھرىۋان ئانامنى ھالاك قىلدىڭلار ! ـ
دېگەنگە زالىملار نەدىن ئىشەنسۇن.
ئۇ ئىشتتىن تۇغۇلغان ياۋا مەخلۇقلار،
ئانىنىڭ قەلبىنى نەدىن چۈشەنسۇن ؟!
قېنى بۇ ئادالەت، قېنى ھەققەت ؟
ئەي تەگرى، سەن بۈگۈن نەلەردە قالدىڭ،
بىزلەرنى شۇنچە خار قىلدىغۇ دۈشمەن،
سەن بىزنى قۇتقازماي نەگە يوقالدىڭ ؟!

# ئانام ھەققىدە باللادا

ئون ژىلدۇركى، زىندان ئىچىدە،
تۇتقۇن بولۇپ ياتمەن ھەنۇز.
تۈن قاراڭغۇ، زولمەت كېچىدە،
كۆرۈنمەيدۇ كوكتە بىر يۇلتۇز.

پۇتتا كىشەن، قولۇمدا كويزا،
بەدىنىمدە جاراھەت ئىزى.
دەھشەتلىك سوغ، ئاچلىق، كېسەللىك،
ئازاپلايدۇ كېچە ـ كۈندۈزى !

بۈگۈن يەنە سوراقتىن كېيىن،
قىيناق خانىغا ئېلىپ كېلىشتى...
قۇترىغان جاللاتلار يەنە،
ئۆلۈم ئازاۋىنى سېلىشتى...

كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ھارغىچە،
قولنى باغلاپ، كانارغا ئاستى.
قىزىق تۆمۈر يېقىپ دۈمبىگە،
پۇتلىرىمنى كاڭزىغا باستى !

سىم قامچىدا ئۇرۇپ جاللاتلار،
بەدىنىمدىن تاسما تىلغاندا.
بۇنداق ئازاپ بەرگەن ھاياتتىن،
ئۆلۈم تاتلىق بولۇپ تۇرغاندا:

بىر يېقىمدا جادىگەر ـ ئۆلۈم،
بىر يېقىمدا ھايات پەرىسى.
تارتىشاتتى تالىشىپ مېنى،
قىزغىنىشىپ، بىرسىدىن بىرسى !

كۆكۈللەرنى ئاۋۇتۇپ كەلگەن،
ئارزۇلار يوقىلىپ بەرى.
كۆز ئالدىڭدا قالىدۇ پەقەت،
ياكى ئۆلۈم، يا ھايات يولى...

دۈشمەن سالغان قىيناق ئازاپتىن،
كېتىپتىمەن ھوشۇمدىن تاكى.
ئازاپلاردىن قۇتۇلماق ئۈچۈن،
ئۆلۈمگىمۇ بولدۇم مەن رازى !

دوستلار كەلدى، شۇ چاغ قېشىمغا،
ـ قوللىرىڭنى بىزگە بەر ، ـ دېدى.
ـ ئويناپ ـ كۈلگىن بىز بىلەن بىللە،
ھاياتلىققا قايتىپ كەل ! ـ دېدى.

يارىم كەلدى، شۇ چاغ قېشىمغا،
ـ قوللىرىڭنى ماڭا بەر ! ـ دېدى.
ـ ۋىسال بەختى كۈتمەكتە سېنى،
ـ ھاياتلىققا قايتىپ كەل ! ـ دېدى.

ئانام كەلدى، شۇ چاغ قېشىمغا،
ـ قوللىرىڭنى ماڭا بەر، ـ دېدى.
ـ كۆرۈۋالاي دىدارىڭنى مەن ! ـ
باغرىمغا قايتىپ كەل، ـ دېدى.

ئاشۇ ھايات ـ مامات پەيتىدە،
تۇتتۇم ئاخىر ئانام قولىنى...
قانچە ئازاپلىق بولسىمۇ ھايات،
تاللىدىم مەن، ھايات يولىنى !

مەن ھاياتقا قايتتىم باشقىدىن،
ئىچتىم قېنىپ، ۋىسال شەربىتى.
دېمەك، مېنى تىرىك قالدۇرغان،
شۇ ئانامنىڭ ساپ مۇھەببىتى !

## دوستلارغا

مەن ناخشا ئېيتمەن، ئەزىز دوستلىرىم،
قاراڭغۇ زىندانىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ.
شەرىقتىن گۈكىرەپ ئۇچقان شاماللار،
ناخشامنى يەتكۈزەر سىلەرگە ئۇچۇپ.

قاراڭغۇ زىنداندا ياتساممۇ ھەئۈز،
پىكرۇ – خىيالىم سىز ژۇرگەن ياقتا.
ژىللار ئايرىسىمۇ دوستلار سىلەردىن،
دىللار ئايرىلمىدى ھېچۋاقتتا...

خىيالىم قۇشلىرى قاناتلاپ ئۇچۇپ،
دوستلىرىم سىز تامان ئېلىپ كېتىدۇ.

قەدىردان دوستلارنىڭ غايىپ مېھرى،
ژۈرەككە بىر خۇشلۇق سېلىپ ئۆتىدۇ!

بىلىمەن، مېھرىۋان ئانام، دوستلىرىم،
يولۇمغا تەلمۈرۈپ كۈتىدىغاندۇ.
– ئوغلۇم كەلمەيدۇ، – دېگەن خىياللار،
باغرىنى قان قىلىپ ئۆتىدىغاندۇ!

لاچىن – ئۇ قانچىلىك ئۇچقۇر بولسىمۇ،
بەرىبىر ئايلىنىپ قونىدۇ يەرگە.
ئوغۇل – ئۇ قانچىلىك ئۇزاپ كەتسىمۇ،
بەرىبىر قايتىدۇ، تۇغۇلغان ئەلگە!

«ئانامغا خەتلەر» تۈركۈمىدىكى شېئىرلار بىلەن باللادا 1970 – 1972 – ژىللىرى تۈرمىدە يېزىلغان.

## تۇتقۇن ئىنىمغا

ھەي ئىنىم، تۈرمىدە كۆردۈم مەن سېنى،
چىرايىڭ سارغايغان، قايغۇ – ھەسرەتتىن.
يۈزۈڭگە بېمەزگىل قورۇق كىرىپتۇ،
قەلبىڭنى موجىغان غەم بىلەن دەرتتىن.

سەن تۈرمە ئىچىدە ياتسەن ھەئۈز،
ھە، سېنى كۈتمەكتە مۈكچەيگەن ئاناڭ.
كۈندە مىڭ ئەسلەيدۇ، كۆيۈگىدە يارىڭ،
– دادام قاچان كېلىدۇ؟ – دەپ سورايدۇ بالاڭ!

كېچىلەر ئۇخلىماي، خىياللار سۈرۈپ،
بىر چېكىش سوراقتا جاۋاپ ئىزدەيسەن:
– نېمىشكە بەختسىز يارالدىم ئېكىن؟
يا، مېنىڭ پېشانەم شورمىكىن، – دەيسەن.

– ياق ئىنىم، بۇ سېنىڭ شورىڭدىن ئەمەس،
ۋەتىنىڭ مۇنقەرىز بولغانلىقىدىن.
ئەركىدىن ئايرىلغان مەھكۇم مىللىتىڭ،
دۈشمەنگە قۇل بولۇپ قالغانلىقىدىن؟!

سەن ئەشۇ بەختسىز ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى،
ئەللەردىن ئارتۇغراق ياشيالمايسەن.
خەلقىڭنىڭ قىسمىتى – سېنىڭ قىسمىتىڭ،
بۇ قارا قىسمەتتىن چەت قالالمايسەن!

سەن ئەلنىڭ قوينىدا ئۆسكەن بىر ئوغۇل،
ژىغلىسا – ژىغلايسەن، كۈلسە – كۈلسەن.
پادىشاڭ ئۆز بولسا – سەن بىر شاھزادە،
پادىشاڭ يات بولسا – ئۇنىڭ قۇلى سەن!

بەختىيار ياشاشنى ئىستسەڭ، ئىنىم،
تۇغۇلغان ئېلىڭگە ئەرك ئىزدىگىن.
ۋەتىنىڭ ئازات بولماي، ساڭا ھۆرلۈك يوق،
ۋەتەنىنىڭ تەغدىرى – سېنىڭ تەغدىرىڭ!

## تۇتقۇن سىڭلىمغا

سىڭلىم، سەن تېخى كۆپنى كۆرمىگەن،
ئون سەككىز ياشلىق، گۈدەك قىز ئېدىڭ.
ئانا مېھرىگە تويۇپ ئۆتمىگەن،
ژېتىمە ئۆسكەن، بىر يالغۇز ئېدىڭ.

بۈگۈن تۈرمىدە كۆردۈم مەن سېنى،
ئاچچىق ئەلەمدىن تىترەيدۇ تېنىڭ.
ئېيتقىنا سىڭلىم، تۇتقۇن بولغىدەك،
نېمە گۇنايىڭ بار ئېدى سېنىڭ؟!

بۇ بەختسىزلىك قاياقتىن كەلدى،
پاكى ئەزەلدىن بەختىڭ قارىمۇ؟
قارام تەغدىرنىڭ ئويۇنىمۇ بۇ،
ۋە ياكى دۈشمەن تاشلىغان يالىمۇ؟

ياق، بۇ تۈرمىگە ئۆزەڭ كەلمىدىڭ،
سېنى كەلتۈرگەن – بۇ زالىم زامان.
زىندان ئىچىدە ياتساڭمۇ سىڭلىم،
دىلدا ئۆچمىسۇن – مۇقەددەس ئارمان!

مايىمخان ھەدەڭ ياتقان يامۇل بۇ،
نازۇگۈم سىڭمۇ ياسقان ئىزى بار،
يالغۇز كامىردا قىينالساڭ ئەگەر،
شۇلارنىڭ روھى – ساڭا مەدەتكار!

كۆرەش – ئازاپسىز بولمايدۇ سىڭلىم،
ئازاپلاردا سەن تۆكمە يېشىڭنى!
دۈشمەن ئالدىدا، تىترىمە ھەرگىز،
تىك كۆتۈرۈپ ماڭ مەغرۇر بېشىڭنى!

سەن يىغلىمەيسەن ھەمدە ئۆلمەيسەن،
ئۇيغۇر نەسلىنىڭ پۈتمەس كۆزى سەن.
سەن ئىنسانلارغا ھاياتلىق بەرگەن،
شەپقەت تەگرىسىنىڭ ئۆزى سەن!

1970 – ژىل، ياز.



## مۇناجات

دوستلىرىم، ھاياتتا ياشىدىم ئۆزاق،
بىر قېتىم ئېچىلىپ كۈلمىدىم بىراق.
بۇ، يالغۇز مېنىڭلا قىسمىتىم ئەمەس،
بەختسىز خەلقىمنىڭ ھەممىسى شۇنداق.

شۇنداق ــ دەپ بەزلەيمەن مىسكىن كۆڭۈلنى،
ھاياتقا ھىساپلاپ ئۆتكەن ئۆمۈرنى.
نە ئۈچۈن ئەلەمدە ئوت بولۇپ يانماي،
رەقىپلەر خور قىلىپ ياتسا ئېلىمنى؟!

ماقال بار قېدىمدىن ئېتىلىپ كەلگەن:
«ھەقىقەت ــ ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ» ــ دېگەن.
ۋالېكىن تەغدىرنىڭ تەتۈرلىكىدىن،
ھەق ئەمەس، ھەر قاچان كۈچ يېڭىپ كەلگەن.

ھازىرمۇ ئېلىمگە كېلىپ ئەجدىھا،
كۈچ بىلەن خەلقىمنى ۋۇتماقتا مانا.
ئەگەردە راست بولسا، ھەقىقەت غالىپ،
قېنى بىر قۇتقازسۇن بىزنى ھەق خۇدا!

1970 ــ ژىل.

## ئۇيغۇر قىزى ناخشا ئېيتىدۇ

ھەر سەھەردە ئاڭلاپ ياتىمەن،
ئىفېردىن بىر ناخشا كېلىدۇ.
پۇتمەس ھەسرەت،مۇڭ، پىغان بىلەن،
ئۇيغۇر قىزى ناخشا ئېيتىدۇ!

ئۇ ئېيتىدۇ: «دەردىڭ يامانىنى»،
«خان لەيلۇننى»، «ئەيھەي نادان»نى.
ناخشا بىلەن تۆكىدۇ گويا،
قەلبىدىكى ھەسرەت ــ پىغاننى.

ئۇيغۇر قىزى ناخشا ئېيتىدۇ،
قوللىرىدا سايرىتىپ دۇتتار.
دۇتتارنىڭ بوغۇلدىشىدا،
خەلقىمىزنىڭ پۇتمەس مۇڭى بار.

ناخشا بىلەن ئېيتىپ بېرىدۇ،
خەلقىمىزنىڭ ئاھۇ ــ زارىنى.
بىلمىدىم مەن، ۋۇرەك رىشتىدىن،
ئەشكەنمىكىن ئۇنىڭ تارىنى.

چىن ۋۇرەكتىن چىققان ناخشىلار،
ۋىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ.
ئۇچقۇر كۈينىڭ قاناتلىرىدا،
ئەل قەلبىگە بېرىپ يېتىدۇ!

ئۇيغۇر قىزىنىڭ ناخشىلىرىغا،
مەپتۇن بولۇپ قۇلاق سالدىم مەن.
ئۆتكەن كۈنلەر چۈشۈپ يادىمغا،
ئەجداتلارنى ئەسكە ئالدىم مەن!

زالىملارنىڭ زۇلۇملىرىنى،
ئاز كۆردىمۇ بىزنىڭ خەلقىمىز.
شۇ دەرتلەرنى ناخشا قىلىپ ئېيتماي،
چىدالامدۇ ۋۇرەك قەلبىمىز؟

بىلسەڭ دوستلار، ناخشا ئەمەس ئۇ،
ئۇيغۇرلارنىڭ ۋىغا ــ نالىسى.
قاچان بولار ۋەتىنىم ئازات،
قاچان ساقىيار ئۇنىڭ يارىسى؟!

## ئارزۇلار

شەرقتە پارلىغان يورۇق يۇلتۇزدەك،
قەلبىمدە ياندۇ گۈزەل بىر ئارمان.
شۇ ئارمان كۆرەشكە چىللايدۇ مېنى،
ئىسمى قىلىپ چاقىرغان گۈزەل قىزسىمان...

ئارزۇلار گوياكى بەختنىڭ قۇشى،
ۋە ياكى چۆللەردە كۆرۈنگەن ئالۇن.
كېچىدە يالتىراپ كۆرۈنگەن بىر ئوت،
ۋىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان بىر قالۇن.

مەن ئۇلۇق ئارزۇلار بىلەن ياشىدىم،
يەنە ھەم شۇ ئوتتا كۆيۈپ ياشايمەن.
يەتسەممۇ، ئۇنىڭغا يېتەلمىسەممۇ،
شۇ گۈزەل ئارزۇغا جاننى ئاتايمەن!

ئارزۇلار ئوتىدا بىر ئۆمۈر يېنىپ،
مۇراتقا يېتىپ بىر چىقمىدى ھادۇق.
زارىقىپ ياشىماق ئېغىر بولسىمۇ،
مەن لەززەت كۆرمىدىم ئۇنىڭدىن ئارتۇق!

چاچلىرىم ئاقىرىپ، كەتسەممۇ قېرىپ،
ۋۇرەكتە ئوت بولۇپ ياندۇ ئارمان.
ئوتلاردا كۆيسەممۇ ئاغرىنىشىم يوق،
ئارزۇ قىلىپ ياشايدۇ، ھەقىقى ئىنسان!

# مىللىي ناخشىلار

( ئا. توقايغا تەخلىت )

ئايدىڭ كېچە،
مەن كېلەتتىم باغنى ئارىلاپ،
ئېراقلاردىن ئاڭلىناتتى مۇڭلۇق بىر ئاۋاز.
دەرتمەن ئاكام ئېيتار ئېدى ئەشۇ ناخشىنى،
تەڭكەش قىلىپ، قولىدىكى دۇتتارىنى ساز!
ئۇ ئېيتاتتى «پەريادەي»نى، «ئەيھەي نادان»نى،
«خان لەيلۇن»نى،«جۇنۇن» بىلەن«دەردىڭ يامان»نى.
ناخشىلارنى ئەۋجىسگە كۆتەرگەندە ئۇ،
لەرزىگە كەلتۈرەتتى قەلبۇ ـ ۋىجداننى!
ناخشا ئېيتىپ «ئۇھ!» دېگەندە ئاكام كۆكسىدىن،
يالقۇن بولۇپ ئېتىلاتتى ـ ھەسرەتلىك پىغان!
ناخشا ئېيتقانغا تۇگەرمىدى ئۇيغۇرنىڭ دەردى،
ياكى ئارام ئالارمىدى، قىينالغان بۇ جان؟
ئاكام ئېيتقان ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا مەن،
ۋۇرىگىمدە ئۆرلىدى، بىر ئالەمچە پىغان.
نېمە ئۇچۇن مۇڭلۇق بولۇپ ياڭرىمىسۇن ئۇ،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ۋىغلاۋاتسا ئۇيغۇرستان!
ھەجەپ مۇڭلۇق ئاڭلىنىدۇ، مىللىي ناخشىلار،
دەرتمەن ئاكام ئېيتقاشقىمۇ ئۇنى ئاخشامدا.
مەنمۇ ۋۇرەك مۇڭلىرىمنى تۆكۈپ بىرمۇ ـ بىر،
ئېيتقۇم كېلىدۇ دەردىمنى موشۇ ناخشامدا!
ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىپ چالسام سازىمنى،
ھەسرەت بىلەن تولقۇن ئۇرۇپ تارىم ۋىغلايدۇ.
ئاۋازىمنى ئاڭلىغاندا، سەھەر چېغىدا،
پىراقىمدا كۆز ياش تۆكۈپ يارىم ۋىغلايدۇ!
دولقۇنلىنىپ، كوكنى يېرىپ تاغلاردىن ئۆتەر،
جان ۋۇرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ئاۋازىم.
قاچان كېتەر زىمىستانىڭ، كېلەر باھارىڭ،
ئەي، ئەسىرلىك مۇڭغا چۆمگەن ئۇيغۇرستانىم!

1971 ـ 1972 ـ ۋىللار.

## دوستۇمغا خەت

ئېسىڭدىمۇ، جېنىم دوستۇم، بىر زامانلار،
بىز كوچىدا ئويناپ ۋۇرگەن بالا ئېدۇق.
ئېسىلىپ ئالما ـ ئۆرۈك شاخلىرىغا،
پىشمىغان غورىلارنى ئۈزۈپ يېدۇق!
قىش كۈنى چانا سۆرەپ، قارلار كېچىپ،
دۆڭلەردىن پەسكە قاراپ ئېقشاتتۇق.
ۋىقىلساق، سۈرۈنسەكمۇ پىسەن قىلماي،
تىرىشىپ، يەنە دۆڭگە چىقشاتتۇق.

كۆرگەندە ئەزەمەت زور ۋىگىتلەرنى،
ـ چوڭ بولساق چاپسانىراق بىزمۇ ـ دەتتۇق.
ئوخشاپ بىز ئۆزىمىزچە قەھرىمانغا،
«جەڭ قىلىپ» قورۇقلاردا ئېتىشاتتۇق.
ئاي ئۆتتى، شۇندىن بېرى، ۋىللار ئۆتتى،
بالىلىق بەگۋاشلىقلار قالدى ئارتتا.
زاماننىڭ سوقۇپ تۇرغان دولقۇنلىرى،
ئېپ كەتتى، بىزنى ئۇلۇق چېلىشلارغا...

قورۇقتا ئەمەس، ئاكوپ ـ خەندەكلەردە،
قورقماستىن پولېمىيوتتىن ئوتلار چاچتۇق.
شىددەتلىك مەيدانلاردا ياۋنى يېڭىپ،
كۆكرەككە «باھادىرلىق» مېدال ئاستۇق!
ژىللارنىڭ تالماس، ئۇچقۇر قاناتلىرى
ئېپ كەتتى بىزنى ئۇزاق مەنزىللەرگە.
سەن كەتتىڭ ژىراقلارغا پەرۋاز قىلىپ،
مەن قالدىم، تار قەپەزگە بولۇپ بەندە!
كۆرەشتە قاچمىدىڭ سەن مۇشەققەتتىن،
ھاياتتا قانچە ئېگىز داۋان ئاشتىڭ.
مەن قالدىم، زور سەپەردە سەپتىن چۈشۈپ،
دېمەككى، ھاياتتا زور خاتالاشتىم!

ژۈرەككە تېگىپ ئۇلۇق ئارزۇلارنى،
ئاشتۇق بىز تالاي ئۆمۈر قىرلىرىنى.
چۈشكەندە بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر،
چۈشەندۇق بۇ ھاياتنىڭ سىرلىرىنى:
ئويۇن ئەمەس، كۆرەش ئېكەن ھايات يولى،
خەتەرگە تولغان ئېكەن ئوڭ ۋە سولى.
شۇ جەڭدە يېڭىپ چىققان ـ بەختلىك ياشار،
يېڭىلگەن بىچارىنىڭ قۇرار شورى!
دوستلىرىم، قىرىق ژىللىق ئۆمرۈمدە،
شۇنداق بىر ھەقىقەتنى سېزىۋالدىم.
ـ ھاياتنىڭ ئۆزى ئۇلۇق كۆرەش، ـ دېگەن،
قانۇننى ژۈرىگىمگە يېزىۋالدىم!

1973 ـ ژىل.

# ئىرادە

## (مەھبۇسنىڭ مونولوگى)

ئون ژىل بولدى زىندان ئىچىدە،
ئازاپ چېكىپ ياتىدۇ مەھبۇس.
پۇتتا كىشەن، قولىدا كويزا،
قىينار ئۇنى ئەلەم ۋە ئەپسۇس.

مەيداندا ئوق تەككەن جەڭچىدەك
يەر بېغىرلاپ ياتىدۇ ھامان.
بىر تەرەپتىن ئاچلىق ئازاۋى،
تەشنالىغى ئۇنىڭدىن يامان!

ئۆزى كېسەل، رەڭگى ـ زەپىرەڭ،
مىدراشقا يوق دەرمانى ئۇنىڭ.
ـ يۆلىسەڭچۇ! ـ دەيدۇ ئۆزىگە،
يېنىدا يوق ھەمراىىي ئۇنىڭ!

بۇگۈن كېچە يەنە جاللاتلار،
ئۇنى ئۇزاق سوراق قىلىشتى.
ئىشقا سېلىپ بار ھۈنىرىنى،
دوزاق ئازاۋىنى سېلىشتى...

ئەشۇ تاپتا، تىرىك ياشاشتىن،
ئۆلۈم تاتلىق بىلىندى ئاڭا.
قۇچاق ئېچىپ، سېھىرلىك ئۆلۈم،
ئىما قىلىپ، كەلدى ئالدىغا:

ـ قۇتقۇزىمەن سېنى ئازاپتىن،
ئەجەل شارابىنى ئال! ـ دېدى.
بۇ ھاياتتىن كېچىپ بىر يولى،
قۇچىغىمدا مەڭگۈ قال، ـ دېدى.

دەل شۇ چاغدا مەھبۇس قەلبىدىن،
ئۆرلەپ چىقتى ئوتلۇق بىر نىدا.
كۆزلىرىدىن نەپرەت ياغدۇرۇپ،
سۆزلىدى ئۇ پىچىرلاپ ئاستا:

«تۈمۈرنىمۇ سوزۇش مۇمكىندۇر،
ئوتتا تاۋلاپ، بازغاندا سوقۇپ.
قارىغاينىمۇ ئېگىش مۇمكىندۇر،
يەر سىلكىنىپ، بورانلار ئۇرۇپ!

تۆمۈر ئەمەسمەن سوزىلىدىغان،
قارىغاي ئەمەس ئېگىلىدىغان.
مېنىڭ ئىرادەم پولاتتىن مەھكەم،
ھېچنەرسە يوق مېنى يېڭەلەيدىغان!

ئەي، لەنىتى قاراڭغۇ زىندان،
مېنى ھەرگىز ئەپ قالالمايسەن!
ئۆلۈمدىن ئاچچىق ئازابىڭ بىلەن،
ئىرادەمنى سۇندۇرالمايسەن!

سەن قانچىلىك ئازاپلىق بولساڭ،
مەن شۇنچىلىك قەيسەر بولىمەن!
ئۆلۈملەرنى داغدا قالدۇرۇپ،
ھاياتلىققا قايتىپ كېلىمەن!

مەيلى، يەنە ئازاپلا مېنى،
مەيلى، دوزاق ئىچىگە تاشلا.
شۇندىمۇ مەن يېڭىپ چىقىمەن،
چىن قەھرىمان يېڭىلمەس ئەسلا»!

1973 ـ ژىل.

## نۇرمەھەممەت مونولوگى

نۇرمەھەممەت ئوت ژۈرەكلىك ئەر ئىدى،
كۈرەشلەردە قەھرىمان، قەيسەر ئىدى.
ھېيىقماستىن ژەھشى جاللات ئالدىدا،
مەغرۇر تۇرۇپ شۇ سۆزلەرنى سۆزلىدى:

ـ « گۆكسەندىكىگە بىز ئىشىنىپ كەپتىمىز،
كوممۇنىزىم جەننەتمىكىن دەپتىمىز.
دوزاق ئىكەن بىز ئىشەنگەن كوممۇنا،
يالغىنىڭغا ئىشەنمەيمىز، ئەندى بىز!

قارا كۆنلەر سىلىشتىڭغۇ بېشىمغا،
زەھەر بىلەن ئوغا قوشۇپ ئېشىمغا.
دالۋاي قىلىپ گۆكسەندىكىنىڭ شەپقىتىن،
ھەي مۇناپىق تولا تەگمە چىشىمغا!»

سوراقچىلار ئاكلىشىپ بۇ جاۋاپنى،
تۈترىشىپ ئىشتىلار ئوخشاش قاۋاشتى.
«ئىقرار نامە» ئالالماستىن تېرىكىپ،
قامچا بىلەن باش-كۆزىگە ساۋاشتى!

قانلىق قامچا تەككەندە ئۈست ـ ئۈستىگە،
قىپ ـ قىزىل قان ئېقىپ چۈشتى كۆكسىگە.
ئىستىھزالىق نەپرەت بىلەن كۈلدى ئۇ،
ئۇددۇل قاراپ دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىگە!

ئالماق بولۇپ ئۇنىدىن ئىقرارنامىنى،
سالدى دۈشمەن ئازاپلارنىڭ بارىنى.
شۇ چاغدىمۇ باش ئەگمىدى، قەھرىمان،
ساقلىدى ئۇ ئىنقىلاپچى ئارىنى!

## نۇرمەھەممەتنىڭ جاۋاۋى*)

*دوستلىرىنى پاش قىلىپ بەرگەن ئابلىكىم،*
*كەلگەن ئىدى نۇرمەھەممەتتىن ھال سوراپ.*
*نۇرمەھەممەت ئىستىھزالىق كۈلدى ـ دە،*
*مۇناپىققا بەردى شۇنداق بىر جاۋاپ:*

*ـ « ھەي، مۇناپىق، ۋىجدانى يوق، قارا يۈز،*
*ئەل ئالدىدا كېچىرىلمەس ئاسىي سەن.*
*بەرىمىزنى تۇتۇپ بېرىپ دۈشمەنگە،*
*قايسى يۈزۈڭ بىلەن يەنە كېلىسەن؟!*

*مېنىڭ ھالىم سېنىڭكىدىن ياخشىراق،*
*ساڭا ئوخشاش قىلغىنىم يوق خىيانەت.*
*ئەگەر ئۆلسەم، ئاق يۈز بىلەن ئۆلىمەن،*
*ۋەتىنىمگە ساقلىدىم مەن ساداقەت!*

*شۇنۇڭ ئۈچۈن مەن كامىردا ياتىمەن،*
*باشقا ئېلىپ ھەممە قىيناق ـ ئازاپنى.*
*ھە، سەن بولساڭ ژۇندا يالاپ ژۈرىسەن،*
*بەخت بىلىپ باققىنىڭغا قوساقنى!*

*سەن ـ ئىشكتە ئاسىراندى كۆچۈك سەن،*
*مەن قەپەزدە ئازاپ چەككەن بۈركۈتمەن.*
*مېنى دوراش ساڭا نېسىپ ئەمەسدۇر،*
*ژۇندا يالاپ ژۈرىۋەرگىن ھامان سەن!*

*بىلىپ قويغىن، كىم قەھرىمان، كىم خائىن،*
*تاللايدۇ ئەل قايناق كۈرەش قوينىدا...*
*سەن ئىجسىنى تىلغا ئالماس ھېچ كىشى،*
*نۇرمەھەممەتنى يادلايدۇ ئەل دىلىدا!..»*

نۇرمەھەممەت يۇسۇپ ـ سابىق مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېرى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىيەسى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. 1970 ـ يىلى تۈرمىگە ئېلىنىپ، 1976 ـ يىلى دېكابىردە تۈرمىدە قۇربان بولدى.

## خائىنىنىڭ ئۆلۈمى*)

قەھرىمان بوپ ئۆلدى ئىمىنجان ئىكرام،
«خائىن!» دەپ ئاتالدى كەنجاخۇن بەدنام.
ئەسلىدە كىم بولۇپ يارالسا ئادەم،
شۇ بولۇپ ئۆتەركەن دۇنيادىن تامام.

كەنجا خۇن تۆرت كۈنلا كۈلۈپ ياشىدى،
«مۇكاپات» راھىتىنى كۆرۈپ ياشىدى.
خەلقىنىڭ نەپرىتى ئوق بوپ تەككەندە،
كۈندە مىڭ تىرىلىپ، ئۆلۈپ ياشىدى!

خاتالىق قىلغاننى كېچىرىش مۇمكىن،
خائىنلىق قىلغاننى كېچىرىپ بولماس.
خەلقىڭگە خىيانەت قىلغان ئىكەنسەن،
ئەبەدى قارا يۈز بولسەن خالاس!

*

تەڭرىنىڭ ئادىللىغى ئەشۇ ئەمەسمۇ،
ئاقىۋەت خەلقىنىڭ ئېيتقىنى بولدى:
خەلقىنى كۆيدۈرگەن كۆيدۈرگە خائىن
ئۆزىمۇ توك سېمىدا ئۆرتىنىپ ئۆلدى!

*) كەنجاخۇن ـ 1951 ـ 1958 ـ ژىللاردا غۇلجا شەھەرلىك ساقچىنىڭ كادىرى بولغان. 1958 ـ 1969 ـ ژىللاردا خىيانەتچىلىك قىلمىشى ئۈچۈن تۈرمە ـ لاگىرلاردا بولغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بۈرۈنقى غوجايىنلىرىنى تېپىۋېلىپ، يوشۇرۇن تىڭچى بولۇپ ئىشلەپ، ش. ت. خ. ئى. پارتىيەسى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ پائالىيىتىنى پاش قىلىپ بەرگەن. ئاخىرى توك سېمىغا چىرمىشىپ كۆيۈپ ئۆلدى.

## خۇشامەتچى شائىرغا!

شائىرمەن ـ دەپ، ھەر مۇقامغا سايرىدىڭ،
خوشامەت قىسپ، دۈشمەنلەرگە يالا رىدىڭ.
ئەۋلىيا ـ دەپ ئەلنى قىرغان جاللاتنى،
ياللانمىلىق خىزمىتىڭنى ئاقلىدىڭ!
سەن ئەسلىدە خۇشامەتچى قۇل ئىدىڭ،
ـ سەنمىن جويى ـ ئەڭ توغرا يول، ـ دېدىڭ.
تاۋاپ قىلىپ جاڭ كەيشىنىڭ رەسمىگە،
ـ گومىنداڭغا مەڭگۈ سادىق بول، ـ دېدىڭ!
ماۋزېدۇڭنى كۆرگەن چاغدا «شائىرىم»
سۆز تاپالماي، تەڭلەشتۈردۈڭ قۇياشقا.
تۇرالمىدىڭ باسقۇنچىنى ماختىماي،
يارىلىشىڭ ئەسلى ساتقۇن بولغاشقا!
كۆرەشكە سېپ، ۋەتەنپەرۋەر ئەرلەرنى،
ـ مىللەتچىلەر يوقالسۇن! ـ دەپ قارغىدىڭ.
مىللەتچى ـ دەپ باغلاپ بەرسە باشقىلار،
ئايىماستىن باش ـ كۆزىگە ساۋىدىڭ!
ئۆمۈرۈڭدە بىر قېتىممۇ «شائىرىم»
ئۆز خەلقىڭنى ئەسكە ئېلىپ باقمىدىڭ.
تىلىڭ كەلمەس «ئۇيغۇرىستان» دېيىشكە،
ئۆز نى قارغاپ، ئۆزگىلەرنى ياقلىدىڭ.
ماختاپ قويسا تاپالماي ئەس ـ ھوشۇڭنى،
ۋىرگەنمەستىن ياتقا بەردىڭ قولۇڭنى.
قارغوجىدەك ھەر مۇقامغا سايرىدىڭ،
تاپالمىدىڭ، دېمەك توغرا يولۇڭنى.
سەندەكلەردىن شائىر چىقماس جاھاندا،
شائىر دېگەن ئەلنىڭ پولات قالقىنى.
كۆيدۈرىدۇ ساتقۇننىمۇ، ياۋنىمۇ،
شېئىرنىڭ لۇغۇلدىغان يالقۇنى!

## تەغدىرگە تەنە

*ئەي، مېنىڭ خەلقىمنى تەھقىر ئەيلىگەن زالىم زامان،*
*دۇنيادا ھەقنى كۆمۈپ، ناھەقنى قىلدىڭ ھۆكمىران!*
*ئەزگۈچى زالىملارغا جەننەتنى ئەيلەپ ئىلتىپات*
*نە ئۈچۈن مەزلۇمنى سەن دوزاققا سالدىڭ يەتتە قات؟!*
*قانچە ۋىل كۈتتۈم ئازاتلىق تاڭلىرى ھېچ ئاتمىدى،*
*ياكى خەلقىم بېشىدىن بۇ قارا كۈنلەر كەتمىدى.*
*كۆل شارابى كۆتىرىپ يا، كەلمىدى يارىم مېنىڭ،*
*كۈتە ـ كۈتە پۈتتى ئاخىر، سەبرى قارارىم مېنىڭ.*
*ئاتما تاڭ، چىقما قۇياش، تۆكمە جاھانغا نۇرلىرىڭ،*
*نۇرلىرىڭدا ئويغىنىپ كەتمىسۇن مەزلۇملىرىڭ!*
*مەيلى، سوۋۇپ توڭلىسۇن يەر، مەڭگۈ بولسۇن قاپ ـ قارا،*
*بۇ زۇلۇم دۇنياسى پۈتسۇن، قالمىسۇن ئالەم ئارا.*
*مەيلى بولسۇن مەڭگۈلۈك قىش، مەڭگۈ ئۇيقا، مەڭگۈ دەت،*
*بىز ياتايلى تەبىئەتنىڭ قوينىدا ئوخلاپ ئەبەت!*

*1974 ـ ۋىل.*

## ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ

*بىرى ئىشلەپ «يەتمىدى» ـ دەپ قاخشايدۇ،*
*بىرى ـ ئەمگەك قىلماي، راھەت ياشايدۇ.*
*ئەزەلدىنلا تەگشەلمىگەن ئالەم بۇ،*
*بىلمىدىم مەن: ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ!*

*ھەقىقەتنى سۆزلىگەنلەر خارلىنار،*
*خوشامەتچى، جان باقارلار ئەتىۋار.*
*پەلەك چەرقى ھامان تەتۈر ئايلىنار،*
*بىلمىدىم مەن: ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ.*

*ئەسلى ۋەتەن ئېگىلىرى ـ ناتىۋان،*
*كەلگۈندىلەر ھەممە يەردە ھۆكمىران.*
*«ئالا مۆشۈكى ئۆي مۆشۈكىنى قوغلىغان»*
*بىلمىدىم مەن: ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ.*

*قاچان كېتەر بېشىمىزدىن قارا تۈن؟*
*قاچان بىزگە كۈلۈپ باقار ياقتى كۈن؟*
*ۋىغلاپ ـ قاخشاپ ئۆتەر ئۆمۈرلەر پۈتۈن،*
*بىلمىدىم مەن: ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ!*

## خەلق ۋە مەن

ئۇيغۇرستان ـ مېنىڭ تۇغقان ئانا ۋەتىنىم،
شۇ ۋەتەندە ئۆسكەن خەلق ـ بۇ مېنىڭ خەلقىم.
مەن شۇ ئۇلۇغ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى مەن،
ئانا خەلقنىڭ قېنى ـ قېنىم، قەلبىدۇر قەلبىم!

ئاشۇ تازا قەلبىم بىلەن سېزىپ تۇرىمەن:
شۇ ئانامنىڭ ۋۈرىكى نېمىگە سوقىدىغاننى،
ئانا خەلقىم كۈلگەن چاغدا، مەنمۇ كۈلىمەن،
ئۆكسۈنىمەن كۆرسەم ئەگەر، يېشى ئاققاننى!

ئاھ، شۇنچىلىك مېھرى ئىسسىق ئادەملەر بىلەن،
بىر ئارزۇدا كۆيۈپ ياشاش قانچىلىك راھەت؟
بىلمىدىم بۇ ئاشىق جېنىم ئۈچۈن دۇنيادا،
شۇندىن ئارتۇق بەخت بارمىكىن، شۇنىڭدەك لەززەت!؟

1969 ـ ۋىل.

# كۆردۈم *)

ئايا دوستلار، ھاياتىمدا ھەجەپ بىر ھاللىنى كۆردۈم،
مېنىڭ خەلقىمگە زالىملار زۇلۇم سالغانلىنى كۆردۈم.
ئۇيغۇردىن كېتىپ ئامەت، بېشىمغا چۈشتى مىڭ كۈلپەت،
پەلەكنىڭ چەرخى ھەم تەتۈر ئايلانغانلىنى كۆردۈم!
ھەقىقەتتىن تامام قاچقان، خۇراپاتلىققا يول ئاچقان،
«مەدەنىي ئىنقىلاپ» ئاتلىق، تامام يالغانلىنى كۆردۈم.
يەجۇجى - مەجۇجلەر چىقىپ كوچىغا جاڭ ئۇردى،
ئۇلارنىڭ كەينىدە ماڭغان گۆدەك نادانلىنى كۆردۈم.
«بىز داھىغا سادىق» دەپ، بىر - بىرىدىن قان تىلەپ،
ياش ئۆمرى ژىگىتلەرنىڭ غازاڭ بولغانلىنى كۆردۈم.
قولىدا «ماۋزېدۇڭ يولى»، دىلىدا شەخسىيەت تۇيغۇ،
«جاھاننىڭ غوجىسى بىز!» - دەپ چوقان سالغانلىنى كۆردۈم.
ئەربابۇ - ئەمەلدارلار كوچىدا خارۇ - زار ئەندى،
سازايە قىلىپ، ئاندىن ھساپ ئالغانلىنى كۆردۈم.
ئىلىمنىڭ ئەھلى خار بولدى، نادانلار ئەتىۋا بولدى،
كىتاپنى كۆيدۈرۈپ ياققان، ئاللاي گۈلخانلىنى كۆردۈم.
ھەر دارۋازا، ھەر تۈۋرۈكتە، ماۋزېدۇڭ سىماسى بار،
ھەر كۈنى قىلىپ تازىم، باش قويغانلىنى كۆردۈم!
يۈز ئۈزۈندە ياد بىلمەك، ھەر كىشىنىڭ قەرزىدۇر،
ھەر دوخمۇشتا بەش يولو ئوقۇپ ماڭغانلىنى كۆردۈم.
بارچە ھوقۇق قولىدا، باي بولۇشنىڭ يولىدا،
غېرىپ بىچارە يوقسۇلنى بۇلاپ ئالغانلىنى كۆردۈم.
كىمى دۇنياسى كۆپ بولسا، گۇناھى كۆپ بولۇر شۇنچە،
سولاپ يەر ئاستى زىندانغا، ئازاپ سالغانلىنى كۆردۈم.
قېرىلارنى «دىنچى» دەپ، ياشلارنى «مىللەتچى» دەپ،
تۇتقۇن قىلىپ بىر چەتتىن ئوچۇق ئاتقانلىنى كۆردۈم.
سۇمباتلىق ئۇيغۇر قىزى، چېچىنى قىرقىپ ئۆزى،
«جىنسىكو» كىيىپ ئاخىر خىتاي بولغانلىنى كۆردۈم.
بوۋايلار كىيىدۇ سەپتە، بېشىدا «مەپكۇرە شەپكە»
ساقالدىن ئايرىلىپ كۆسا بولۇپ قالغانلىنى كۆردۈم.
دەرىخا، نېمە تەغدىر بۇ، سېتەملەر ھەددىدىن ئاشتى،
يەنە بىچارە ئۇيغۇرنىڭ ئازاپ تارتقانلىنى كۆردۈم.
ئەي، ئۇيغۇيي، غەزىلىڭگە سىغمايدۇ غەم - ھەسرەتلىرىڭ،
ئېلىمنىڭ قەلبىدە پۈتمەس، ئەلەم - ئەپغانلىنى كۆردۈم!

1969 - ژىل.

*) بۇ غەزەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دەۋرىدە يېزىلىپ، تۈرمىگە چۈشۈش ھارپىسىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن قايتا ئىشلىنىپ، يادقا ئېلىپ ساقلانغان.

# زىندان ناخشىلىرى*)

## بىز بىچارە مەھبۇسلار

يامۇلغا چۈشۈپ قالدۇق،
ژۇرەك باغرىمىز پارە.
ئەزىز باشقا دەرت كەلدى،
تاتماسقا نىمە چارە؟

**قايتارما:**
ھە ... ي، جان دوستلار،
بىز بىچارە مەھبۇسلار!

تاغلارغا چىقىپ كەتتۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
يامۇلدا تولا ياتتۇق،
دۈشمەنگە بويۇن ئەگمەي.

**قايتارما:**
ھە ... ي، جان دوستلار،
بىز بىچارە مەھبۇسلار!

ئوبلاست تۈرمىسى دەيدۇ،
ئىشكلىرى ھىم ئىكەن.
سادىر ياتقان يامۇلدا
بىزلەر ياتساق نىمىكەن؟

**قايتارما:**
ھە ... ي، جان دوستلار،
بىز بىچارە مەھبۇسلار!

سادىر پالۋان چەۋرىسى،
ئىلاخۇننىڭ نەۋرىسى،
غىنى باتۇر ئىنىسى،
بىز ئىلىنىڭ باللىرى.

**قايتارما:**
ھە ... ي، جان دوستلار،
بىز بىچارە مەھبۇسلار!

تەغدىرنىڭ قاراسى بار،
ژۇرەكنىڭ ياراسى بار.
ژىغلىماڭلار جان دوستلار،
بۇ دەرتنىڭ داۋاسى بار!

**قايتارما:**
ھە ... ي، جان دوستلار،
بىز بىچارە مەھبۇسلار!

• • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • • •

## ئۇيغۇر قىزى رىسالەت

**ئۇيغۇر قىزى ـ رىسالەت،**
**ئۆچمەيدىغان نۇر ئەبەت.**
**ژۇرىگىدە يالقۇنلار،**
**ئەلگە دىگەن مۇھەببەت!**

**رىسالەت ئۆزى چاققان،**
**زۇلۇمەتكە ئوت ياققان.**
**ئون سەككىز ياش چىغىدا،**
**ئىنقىلاپچى ئاتالغان.**

**رىسالەت ئۆزى ـ ئۆزى،**
**ئەلنىڭ يورۇق يۇلتۇزى.**
**دۈشمەنگە باش ئەگمىگەن،**
**قەھرىمان، قەيسەر قىزى!**

**تەشنا كۆڭلى قانمىغان،**
**ئۇيغۇرلىغىدىن تانمىغان.**
**باشقا قىلىچ چۈشكەندىمۇ**
**ھەق يولىدىن يانمىغان!**

**ئىپارخاننىڭ، نازۇكنىڭ،**
**روھى ئۇنى قولاليدۇ.**
**ھەر سەھەردە ئۇنىڭغا،**
**خەلقى سالام يوللايدۇ!**

**ئۇيغۇر قىزى ـ رىسالەت،**
**ئۆچمەيدىغان نۇر ئەبەت.**
**ژۇرىگىدە يالقۇنلار**
**ئەلگە دىگەن مۇھەببەت!**

**1971 ـ ژىل.**

*) ختاي باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن زىندانغا تاشلانغان ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى، زىندان ئىچىدە تۇرۇپمۇ، ئىنقىلاۋى كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان تېكىستلارنى تەييار ئاھاڭغا سىلىپ، ھەم مۇڭلۇق ھەم جەڭگىۋار ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى. خاتىرە بولۇپ قالسۇن دەپ شۇ ناخشىلاردىن ئىككىسىنى كىرگۈزۈپ قويدۇم. «ئۇيغۇر قىزى رىسالەت»نىڭ تېكىستى مېنىڭ، «بىز بىچارە مەھبۇسلار ـ باشقىلارنىڭ.

# ھەقىقەت

ھەقىقەت ئىزدەيلى دوستلار، ھەقىقەت گەۋھەردۇر،
ھەقىقەت ـ تەشنا ژۈرەكنى قاندۇرار كەۋسەردۇر.
ھەقىقەت تاپقان كىشلەر ـ ھۆر ـ ئازات، سۇلتاندۇر،
ھەقىقەتنى تاپمىغانلار ـ بىز كەبى ۋەيراندۇر!
ھەقنى سۆيگىن، ھەقنى ئىزدە، ھەقىقەت تەشناسى بول،
كىمكى ھەق يولىنى تۇتسا، سەن ئۇنىڭ ئاشناسى بول!
ئۈزگىن ھەق دەرياسىدا، ئۇ سېنى ئاقتۇرسىمۇ،
ئۆتمە ناھەق كۆرىگىدىن، ئۇ سېنى قۇتقۇزسىمۇ!
ھەقىقەت چەكچىلەرنىڭ يۈزلىرى يورۇق بولۇر،
ھەقىقەت ئاسىيلەرنىڭ يۈزلىرى چوروق بولۇر،
ھەقىقەت ئېسىل نېمە، ئېگىلور سۇنماس ئەبەت،
«ھەقىقەت چەكچىلىرى ـ ژىقىلۇر ـ ئۆلمەس» ـ ئەبەت!
چەكچىنى «ئۆلدى!» دېمەڭلار، ئىز باسار ئەۋلادى بار،
تاكى تاڭلار ئاتقىچە، ماڭىدۇ، ھارماي ئۇلار!
قانچە زۇلمەت بولسىمۇ تۈن، ئاقۋەت تاڭلار ئاتار.
ھەقىقەت يولىدا ئاخىر، بەختىنى خەلقىم تاپار!

# ئارالتاشقا مەدھىيە

(ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئارالتاش بار)

ئەينەكتەك سۈپ ـ سۈزۈك زەڭگەرى ئاسمان،
پەلەكتە كېزىدۇ، نۇرانە قۇياش.
ئاستىدا لۆمشۈپ ئاقىدۇ دەريا،
ئۆملىگەن غايەت زور ئەجدىھا ئوخشاش...

شۇ ئۇلۇق دەريانىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا،
كۆرىنىپ تۇرىدۇ يالغۇز بىر ئارال.
ئەسلىدە، ئارال ئەمەس، ئۇ بىر تاش چوققا،
مۇنارىدەك چوقچىيىپ تۇرغان باكامال!

تەبىئەت ياراتقان تىلسىم چوققىنىڭ،
قوينىدا قانچىلىك سىرلار ياتىدۇ؟
كىم بىلسۇن، بىزلەرنى كۆرۈپ ئۆتسۇن ـ دەپ،
ئەجداتلار ياساپ قويغان بىر يالدامىدۇر!

ۋالېكىن، بۇ چوققىنىڭ قىسمىتى ئېغىر:
ئىسسىق ۋە سوغلارغا چىداپ تۇرىدۇ.

ئۈستىدىن بورانلار ساۋايدۇ ئۈنى،
ئاستىدىن شىددەتلىك دولقۇن ئۇرىدۇ!

بىراق، بۇ قىسمەتكە نالىمايدۇ ئۇ،
ئەسىرلەر، شۇ يوسۇن چىداپ كېلىدۇ!
بورانلار سوقسىمۇ، دولقۇن ئۇرسىمۇ،
قەددىنى پۈكمەستىن مەغرۇر تۇرىدۇ!

باتۇرلۇق رەمزى ـ بۇلغان بۇ قىزىل چوققا،
مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ ھامان.
دۇنيادا ھەر قانداق ئېغىر ئازاپلار،
قەددىنى پۈكەلمەس ئۇنىڭ ھېچقاچان!

تىلەيمەن، ئەتراپىدا ياشىغان خەلقىم،
شۇ چوققىدەك قەھرىمان، قەيسەر بولسىدى!
تەغدىرنىڭ تۈنلىرىنى يېڭىپ، ئاخىرى،
بەختىيار تاڭلارنى كۈتۈپ ئالسىدى!

1975 ـ ژىل.

# مەرسىيە

(ئىنقىلاۋىي قۇربان ئۇرمەھەممەت يۇسۇۋقا بېغىشلايمەن)

مەيداندا ئېتىلدى ئون ئىككى ئوغلان،
سامادىن تۆكۈلدى ئون ئىككى يۇلتۇز!
ۋەتەننىڭ ئۈستىنى قاپلىدى تۇمان،
قاراڭغۇ كېچىگە ئايلاندى كۈندۈز!

تۇنۇگۈنلا ئايرىلغان ئېدۇق دوستلاردىن،
ئىمىنجان، سابىر، غوپۇر كەبى ياشلاردىن.
ژۈرەكتە ساقايمىغان ئېدى يارىمىز،
كۆزىمىز قۇرۇمىغان تېخى ياشلاردىن!

ئاھ، بوگۈن ئاڭلىدىم، يەنە شۇم خەۋەر:
ـ «تۇرمىدە ئۆلدى!»دەپ نۇرمەھەممەت ئەر!
ۋا دەرىخ، مەيداندا ئاتقاننى ئاز دەپ،
تۇرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكتىلەر!

ئەركىمىز قۇياشى پاتقاندىن بېرى،
بىر كۈنمۇ ئۆچمىدى كۈرەش يالقۇنى.
بۇ يولدا ھىساپسىز قۇربانلار بەردۇق،
يەنىمۇ قانچىلىك بېرىمىز تېخى!

نۇرمەھەممەت گوياكى يانغان ئوت ئىدى،
دۈشمەنگە قادالغان گويا ئوق ئىدى.
ئۇيغۇرنىڭ ئوت ژۇرەك ئوغلانلىرى كوپ،
شۇندىمۇ ئۇنىڭدەك قەيسەر يوق ئىدى!

يەتتە ژىل تۈرمىدە يېتىپ مەردانە،
ئازاپلار تارتىسمۇ ئۇندا زىيادە.
شۇندىمۇ دۈشمەنگە بويۇن ئەگمىگەن،
شۇنچىلىك چىڭ ئىدى قەيسەر ئىرادە!

شېھىتلىك شەربىتىن ئىچتىڭ سەن ئەندى،
پانىدىن باقىيغا كۆچتۈڭ سەن ئەندى.
ۋەتەننىڭ كوكىدە يانغان نۇر ئىدىڭ،
ناگىھان ئاقتىڭدە ئۆچتۈڭ سەن ئەندى.

مەرسىيەڭ يازغاندا ئەزىز قېرىنداش،
ئاق قەغەز ئۈستىگە تۆكولدى كۆز ياش.
مۇسىبەت مۇزلىرى قاتقان دىلىمنى،
ئېرىتارمىكىن بىر ئازاتلىق قۇياش!

1976 - ژىل، دېكابىر.

# كۈرەش ھەققىدە ئۈچ شېئىر

## ھايات سىرى

نەزەرىمدە ئاللىقاچانلار،
ئۆلگەنلەردۇر - ئۆلۈم كۈتكەنلەر.
شۇ ئالەمگە تۇغۇلغىنىغا،
پۇشمان قىلىپ، يېشىن تۆككەنلەر.
كۈرەش - دېسە، قورقۇپ - تىترەپ،
ھەر چۆچىسە بىر رەت ئۆلگەنلەر.
جەھەننەمگە كېتىپ جانلىرى،
ئۆلمەي تۇرۇپ گۆرگە كىرگەنلەر.
نەزەرىمدە ئۆلگەندۇر يەنە،
كۆكرىگى بوش تۇرۇپ كۈلگەنلەر.
ئەل كۈلگەندە ھېجىيىپ قىرىغان،
لېكىن ژۇرەك باغرى ئۆلگەنلەر.
ۋەتەن ئۈچۈن بارغان كۈرەشنىڭ،
يالقۇنىدا كۆيەلمىگەنلەر.
يېڭىشلارنىڭ يالقۇندەك قىزىق،
لەۋلىرىدىن سۆيەلمىگەنلەر.
بۇ ھاياتتا ئۆلمەيدۇ ئەسلا،
ۋەتەن ئۈچۈن ئوتقا كىرگەنلەر.
ئۆلسە ئۆلەر، لېكىن ياش تۆكمەس،
ھايات سىرىنى كۈرەش بىلگەنلەر.
ھايات سىرى - كۈرەش ئىكەننى،
بالىلىقتىن، ئەرتە چۈشەندىم.
ئادەم بەختى كۈرەش بىلەنلا،
كېلىشىگە قاتتىق ئىشەندىم.
ئەل ئىشقىنى ژۇرەككە تېكىپ،
مەيدانلارغا ئاتتىم ئۆزەمنى.
غەرىق ئەتمىدى دولقۇنلىرى ھېچ،
كۆيدەرمىدى، يالقۇنلار مېنى،
ئوتقا كىرسەم، ئوت پەرزەندىدەك.
نۇرغا تولۇپ پالىلداپ چىقتىم،
سۇغا كىرسەم، سۇ يۇلتۇزىدەك،
كۆزنى چېقىپ، يالىلداپ چىقتىم.
ئەلگە دېگەن ئوتلۇق مۇھەببەت،
ئۆلۈملەردىن ساقلىدى مېنى،
ئېغىر كۈندە باشپانا بولۇپ،
تۆھمەتلەردىن ئاقلىدى مېنى!
ۋەتەن سۆيگەن ئوغۇللارنى مەن،
كۈرەشلەرگە باشلاپ كېلىمەن.
ژۈرىگىمدە ئالەمچە يالقۇن،
كۈندەك كۈلۈپ، ياشناپ كېلىمەن.
قىران ئۈچسا، قىياغا قونار،
ئۇ قونمايدۇ پەسكى دۆڭلەرگە.
ئوغلان ئۇلۇق ئىشلارنى قىلار،
بېرىلمەيدۇ پەس ھەۋەسلەرگە.
مەن - قىرانمەن،

مەن بىر ئوغلانمەن،
ئەلگە سادىق بولۇش ئەھدىمدۇر.
ئەلنى رىزا قىلالىسام مەن،
ئىككى دۇنيا مېنىڭ بەختىمدۇر.

## جەڭچىمەن

قىسقىغىنا ئەللىك ژىللىق ئومرۇمدە،
بار تارىخنى ئۆز بېشىمدىن كەچتىم مەن.
مەن تېتىدىم ئازاۋىنى قۇللۇقنىڭ،
ئەركىنلىكنىڭ شارابىنى ئىچتىم مەن.

ئارزۇ قىلغان تەلىيىمنى، بەختىمنى،
كۈرەشلەرنىڭ قايىنىمدىن كۆتتۇم مەن.
قۇربان قىلىپ، ھاياتىمنى، ئەركىمنى،
ئەرلەك ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئۆتتۇم مەن.

مەن جەڭچىمەن، كۈرەش مېنىڭ ھاياتىم،
كۈرەش - مېنىڭ پەرۋاز قىلار قاناتىم.
ژۈرىگىمدە كۈرەش ئوتى يانمىسا،
ھارارەتنى نەدىن تېپىپ ئالاتتىم؟!

كۈرەش ئۈچۈن تۇغۇلغان بىر ئوغۇلمەن،
بارلىغىمنى مەن كۈرەشكە قاراتتىم.
ئەگەر يەنە تۇغرا كەلسە ياشاشقا
يەنىلا شۇ جەڭنى تاللاپ ئالاتتىم!

# ژىگىرمىنچى ئەسىر

*– «بىر ئەسىر بۇرۇنراق تۇغۇلغان بولسام،*
*يا، بىر ئەسىر كېيىنرەك تۇغۇلغان بولسام.*
*قانچىلىك بەختىيار بولار ئىدىم، – مەن،*
*شۇ قارا كۈنلەردىن قۇتۇلغان بولسام».*
(بىر مەھبۇس ئاغزىدىن)

– ياق، مەن بىر ئەسىر بۇرۇنمۇ ئەمەس،
ۋە ياكى، بىر ئەسىر كېيىنمۇ ئەمەس.
دەل، موشۇ ئەسىردە ياشىشىم كېرەك،
جەڭگىۋار دەۋرىمگە بولۇپ ھەمنەپەس!

بۇ مېنىڭ ئەسىرىم – كۈرەش ئەسىرى،
بۇزۇلغان دۇنيانى تۈزەش ئەسىرى.
بۇ زۇلۇم دۇنياسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،
ھۆر – ئازات دۇنيانى قۇرۇش ئەسىرى!

پەرۋاز قىلار لاچىنغا ئاسمان ياخشىدۇر،
پالۋان مەرت ژىگىتكە مەيدان ياخشىدۇر.
ياشاشقا تاللىدىم ئوتتەك زامانىنى،
قورققاقلارغا ئەلۋەتتە پىنھان ياخشىدۇر!
ئەركىنلىك ئىزدىدۇق، زىنداندا ياتتۇق،
زىنداندا دۇزاقنىڭ ئازاۋىن تارتتۇق،
دۈشمەنگە قۇل بولۇپ ياشىغىنىمدىن،
جەڭ قىلىپ مەيداندا ئۆلگەن مىڭ ئارتۇق!

ۋەتەنگە سادىق مەن – ئەھدىم شۇندىدۇر،
جەڭ قىلىپ ياشىدىم – بەختىم شۇندىدۇر.
ئازاپتا مىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىم، ئەمما،
ياۋغا باش ئەگمىدىم – پەخىرىم شۇندىدۇر!

ھەي، دۇستۇم، ياشىساڭ، مەرت بولۇپ ياشا،
چاقماق بوپ، دۈشمەننى قاق يېرىپ تاشلا،
ئۆلۈملەر ئالدىدا تىترىمە ھەرگىز،
قورققانچاق ھاياتتىن مەرت ئۆلۈم ئەلا!

ژىگىرمىنچى ئەسىر – بۇ ئۇلۇق بىر زامان،
ئىنقىلاپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان.
موشۇنداق زاماندا تۇغۇلۇپ، ياشاپ،
جەڭ قىلىپ، دۇنيادىن ئۆتسەڭ – نە ئارمان!؟

1978 – ژىل. تۈرمە.

# ئەركىنلىك قەسىدىسى

*دوستلىرىم، بۇ دۇنيا – نېمە دېگەن ئاۋات؟*
*باغلىرى – بېھىشدۇر، قىزى – پەرىزات.*
*شۇ باغدا ھۆرلەرنى سۆيۈپ ياشىسەن،*
*نېمە دېگەن لەززەتلىك – شېرىن بۇ ھايات!*

*ئىنسانغا ھاياتلىق ھەممىدىن قىممەت،*
*دۇنيادا مۇھەببەت ھەممىدىن ئۈبدان.*
*ۋالېكىن ئەركىنلىك ئۈچۈن كەلگەندە،*
*ھاياتىڭ، مۇھەببىتىڭ ھەممىسى قۇربان!*

*ھە، شۇنداق، ئەركىنلىك ھەممىدىن ئەلا،*
*ئەركىنلىك – ئىنساننىڭ شاھلىغى دېمەك.*
*ئەركىڭ ئۆز قولۇڭدا بولمىسا، ئەگەر،*
*ھاياتلىق – قۇللۇقدۇر، دۇنياسى – دەۋزەخ!*

*مانا، ئون ژىلدۇركىم، زىندانغا بەنت مەن،*
*ئەركىمدىن ئايرىدى باسقۇنچى زالىم.*
*مەن ئەركىن ياشاشقا كەلگەن ئىدىمغۇ،*
*زىنداندا يېتىشقا نېمە گۇنايىم؟!*

*– ۋەتەننى، خەلقىمنى سۆيگىنىم ئۈچۈن،*
*قاراڭغۇ زىنداندا يالغۇز ياتىمەن.*
*قەپەزدە ئولتۇرغان تۇتقۇن بۈركۈت مەن،*
*ئەركىنلىك ئىشقىدا قانات قاقىمەن!*

*قاراڭغۇ تۈنلەردە يۇلتۇزدەك يېنىپ،*
*ئازاتلىق تاڭلىرىنى سېغىنىپ كۈتىمەن.*
*ئەركىنلىك – ئەڭ گۈزەل سۆيگىنىم مېنىڭ،*
*مۇھەببەت كۈيىنى كۈيلەپ ئۆتىمەن.*

*ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى مەن – دېگەن بىر تۇيغۇ،*
*سېۋىنچ قوينىغا تاشلايدۇ مېنى.*
*ۋەتەنگە دېگەن شۇ ئىزگۇ مۇھەببەت،*
*مۇقەددەس جەڭلەرگە باشلايدۇ مېنى!*

*دوستلىرىم، ئەركىنلىك سۆيگەن بالا مەن،*
*قۇللۇقنى ئۆلۈمدىن ئېغىر ئالىمەن.*
*ئەزەلدىن ئەركىنلىك جەڭچىسى ئىدىم،*
*مەڭگۈگە بىر جەڭچى بولۇپ قالىمەن!*

*ئەركىنلىك يولىدا تارتتىم كۆپ جاپا،*
*يەنە ھەم تارتارمەن، يەتكۈنچە ئاگا.*
*بۇ مېنىڭ ئەل ئۈچۈن تارتقان ئازاۋىم،*
*ۋىجدانىمىز شەخسىنىڭ بەختىدىن ئەلا!*

مانا ئۇن ژىلدۇركىم، دوزاق ئىچىدە،
دۇنيانىڭ ئازاۋىنى تارتىپ كېلىمەن.
ئۆلۈمدىن ئىگىز راق قىيناق - ئازاپتا،
ھەر كۈنى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن!

كاشكىدى، مەن تارتقان ئازاپ تۇپەيلى،
خەلقىمنىڭ ئازاۋى يېنىكلەلىسە.
رازىدىم: دوزاققا - ئوتقا كىرىشكە،
شۇ ئوتتىن ئەركىنلىك تىرىلەلىسە...

ئەي، جاللات، ئۆلۈم بىلەن قورقۇتالمايسەن،
مەن دۇنيا ئالدىدا قەسەم يازىمەن.
خەلقىمنىڭ بىر نەپەس ھۆرلىگى ئۈچۈن
بىر ئەمەس، يۈز قېتىم ئۆلسەم رازىمەن!

باتۇرغا ئۆلۈم ھېچ قورقۇشلۇق ئەمەس،
دۈشمەنگە قۇل بولۇپ ياشاش قورقۇشلۇق.
قول بولۇپ بىر ئەسىر ياشىغىنىمدىن،
ھۆر - ئازات ئۇن ژىللا ياشىغان ئارتۇق!

ھاياتنىڭ قىززىغى - ياشاشتا ئەمەس،
ئەركىنلىك كۆكىدە پەرۋاز قىلىشتا.
ھاياتتا، ھۆر - ئازات ياشىيالىسام،
نېمە دەپ تۇغۇلغان ئىدىم مەن باشتا؟

تۇرمىداش ئېيتىدۇ كۆڭلۈمنى پەز لەپ:
- ئەۋلاتلار ئۇنۇتماس خىزمىتىڭنى،- دەپ.
ئەۋلاتلار بىلسۇن - دەپ كۈرەشكىنىم يوق،
ئەركىنلىك كېرەككۇ، ئەركىنلىك كېرەك!

ئىنسانغا قۇللۇقتىن ئارتۇق ئازاپ يوق،
ھۆر - ئازات ياشاشتىن ئارتۇق شەرەپ يوق.
«يا، كەتكەن ئەركىنلىكنى قولغا ئالايلى،
يا، ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بولايلۇق!»
1979 - ژىل.

# غەزەللەر

## تۇتقۇن

**دوستلىرىم، ئەركىن ھاياتتا ھەر كىشى سۇلتاندۇر،**
**ئەركىدىن ئايرىلسا ئىنسان - بەندىئىي زىنداندۇر.**
**شادلىق قەپەز ئىچىگە بەنت بولۇپ قالدىم مانا،**
**بۇ ئۆمۈرنىڭ ھەر كۈنى پۈتمەس دوزاق ئازابىدۇر!**
**قاپ قارا زىندان ئىچىدە، سارغىيار گۈلدەك ئۆمۈر،**
**ئۆزگە بىلمەس. ئۆز ئىچىڭ مۇڭ، ئۆز دىلىڭ ۋەيراندۇر!**
**باشقا كۈن چۈشكەن چېغىڭدا. يوقلىماس ھېچبىر كىشى،**
**مۇڭ ئېيتار مۇڭداشلىرىڭ سەندىن تامام بىگانىدۇر.**
**كېچىدۇر ئۆمۈر يولى، ھەر كىم ئۈچار بىر قۇش بولۇپ،**
**جان ئارىلاپ تەگسە ئوق. گۈلدەك ئۆمۈر خازاندۇر!**

## پىغان

***ئاھ! دېمەس ئوغلان ئىدىم. ئاھلار دېگۈزدى غەم مېنى،***
***ژۈرىگىمنى پارە قىلدى بەختسىز ئەل تەغدىرى.***
***كۆز ئىچىپ باقسام ئېلىمگە. بارچىنىڭ بەختى قارا،***
***قايدا بارسام قايغۇ - ھەسرەت. نالە - ئەپغان. كۆز يېشى!***
***نالە - ئەپغاندىن بىگانە بولمىدى خەلقىم مېنىڭ،***
***ياكى تەقدىرىم ئالدىدا پۈتمەس گۇناھى بارمىدى؟!***
***ئۆمرۈم ئۆتتى جاھاندا، غەم بىلەن ئارمان بىلەن،***
***بارمىكىن، دۇنيادا مەندەك بىناۋا ئۆتكەن كىشى؟***
***قانچە قانماي دەرتلىنىپ، ئېيتساممۇ «ئەيھەي دۇنيا»- دەپ،***
***ساقىماس كۆڭلۈمدىكى قايغۇ - ئەلەم زەردابلىرى!***
***چىقچۇ ئەي، بەختىم قۇياشى. تۆك جاھانغا نۇرلىرىڭ،***
***نۇرلىرىڭدا ياشىرىپ كەتسۇن كۆكۈل بوستانلىرى!***

## پەلەك

ۋا دەرىخا، بىزنى مۇنچە خارۇ - زار قىلدى پەلەك،
قەلبىمىزگە تۈگىمەس غەملەرنى يار قىلدى پەلەك.
ئەزگۈچى زالىمغا زورلۇق قىلغىلى ئىمكان بېرىپ،
مەزلۇمغا نىجات يولىنى دىشۋار قىلدى پەلەك.
نېمە كۈنلەر كۆرمىدۇق بىز بۇ زۇلۇم دۇنياسىدا،
ئۇيغۇرۇمغا بۇ يورۇق ئالەمنى تار قىلدى پەلەك.
قاپ قارا زۇلمەت ئىچىدە ئۆتتى بىزنىڭ ئۆمرىمىز،
هۆر- ئازات كۈنلەرگە بىزنى ئىنتىزار قىلدى پەلەك.
ئۇيغۇرىي لەنەت ئوقۇرلەر بۇ زۇلۇم دۇنياسىغا،
ئېيتسا - ئېيتسا تۈگىمەس رەنجۇ - ئازار قىلدى پەلەك!

## ئەمەس

*كۈلمىگىن دوستۇم قاقاقلاپ، بىزگە كۈلكە جور ئەمەس،*
*ئۆزگىلەردەك ۋەتىنىڭ ئازادە، خەلقىڭ هۆر ئەمەس.*
*هەر سەهەر چەشمە بولۇپ، كوكتىن تۆ كۈلگەن قەترىلەر،*
*خەلقىمىزنىڭ كۆز يېشى ئۇ، ياققۇچى يامغۇر ئەمەس.*
*ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ژىغلىماي نەيلىسۇن خەلقىم مېنىڭ،*
*ئەركىدىن ئايرىلغان ئەلنىڭ كوڭلى مىسكىن، نۇر ئەمەس!*
*ئوينىسام، كۈلسەم تېشىمدىن مېنى شادان دېمىگىن،*
*چىرايىم كۈلگەن بىلەن قەلبىم مېنىڭ هۇزۇر ئەمەس.*
*گەر جاهان رەنالىرى قولىدىن ئىچسەم مەي شاراپ،*
*بىر داۋا بولماس ژۇرەككە غەم مۇزى ئېرور ئەمەس.*
*هەر كىشىنىڭ ژۇرىگىدە تۈگىمەس غەم دەردى بار،*
*گەر ژۇرەكتە هەسرىتى يوق بولسا، ئۇ ئۇيغۇر ئەمەس!*

## مەن

مەن ئاتامنىڭ ئوغلىمەس، ئۇيغۇر ئېلىمنىڭ ئوغلى مەن،
ئانا يورتىنىڭ ئىشقىدا يانغان مۇهەببەت چوغى مەن.
ئەقلىنى يەتكۈنچە بېرىپ، ئامىتىنى بەرمىگەن،
كۆزى ياشلىق، باغرى قان، قەلبى يارا ئۇيغۇرى مەن!
مانا يۈز ژىل بولدى خەلقىم، ئەركىدىن ئايرىلغىلى*)،
ئەركىدىن ئايرىلغان ئەلنىڭ ناتىۋان بۇلبۇلى مەن.
زالىملارنىڭ زۇلمىنى ئاز كۆردىمۇ خەلقىم مېنىڭ،
ئويلىسام ئوتتەك يېنىپ، قەهرۇ - غەزەپتىن بوغىلىمەن.
كۆز يېشىن كۆرسەم ئېلىمنىڭ، ياش بولۇپ ئاققۇم كېلۇر،
گەر ئېلىم كۈلگەننى كۆرسەم، مەنمۇ، شات بوپ كۈلىمەن.
ئەرك ئۈچۈن يانغان كۈرەشنىڭ ئوتىدا كۆيدۇم مانا،
پەهلىۋان سادىر بىلەن باتۇر غەنىنىڭ ئۇرۇغى مەن.
ئوق تېگىپ جەڭدە ژىقىلسام «ئۇيغۇرىي ئۆلدى» دېمەڭ،
ئەۋلاتلىرىم جەڭ سېپىدە يەنە قايتا تۇغۇلىمەن!

*) ئۇيغۇرستان - زۇزۇڭتاڭ ئىستىلاسىدىن كېيىنلا ئۆز مۇستەقىللىغىدىن ئايرىلىپ قالدى.

## بولمسا

**تاغ تېشىپ ئۆتمەسنى پەرھات، ئۇ شېرىن جان بولمسا،**
**بۇلبۇلى قىلماس ناۋا، ئالدىدا گۇلشەن بولمسا.**
**تار قەپەزنىڭ ئىچىدە سايراپ شېئىر يازدىم مانا،**
**كىم ئەركىنى كۆيلىسۇن مەندەك غەزەلخان بولمسا.**
**كىم كۆيۈنسۇن. كىم ئىچىنسۇن بىچارە ئۇيغۇر هالىگە،**
**كوكرىگىدە تازا قان هەم مىللىي ۋىجدان بولمسا.**
**ئانا يۇرتىنىڭ قايغۇسىدا ئوت بولۇپ ياندىم مانا،**
**يايرىماس كوڭلۇم مېنىڭ، خەلقىم خىرامان بولمسا!**
**سايرا سازىم ياڭرىغىن، ئاهىڭ پەلەككە ئۇرلسۇن،**
**ئاۋازىڭدىن ئويغىنىپ كەتسۇن گۇلستان، بولمسا.**
**مەن ۋەتەنىنىڭ ئوغلىدۇرمەن. كۇرىشىم هېچ توختىماس،**
**تا. ئېلىمدە مەڭگۇ ئازات ئۇيغۇرستان بولمسا.**

## دوستلارغا



دوستلىرىم، دۇنيا ئەزەلدىن قوشكىزەك دۇنيارىدۇر،
ياخشلىق بىرلەن يامانلىق بىر ـ بىرىگە ئارىدۇر.
سەن نەزەر سالساڭ تەبىئەت هەمدە روھ دۇنياسىغا،
هەممە نەرسە جۇپ يارالغان، تاق بولۇشتىن خالىدۇر.
بۇ هاياتتا بەخت ـ سائادەت بىرلە ئاپەت قوشكىزەك،
هەر خوشاللىق ئارقىسىدا بىر يىغا تەييارىدۇر.
ئالتە كۇنلۇك ئامىتىڭگە كەتمىگىن مەغرۇر بولۇپ،
دۆلىتىڭ ئارتىدا مەينەت كۇنلىرىڭ هەم بارىدۇر.
كىم كېلىپ قىلسا خوشامەت، سەن ئۇنى دوستۇم ـ دېمە،
ئۇ بۇگۇن دوست، بەلكى ئەتە، دوست ئەمەس ئەغيارىدۇر!
خارلىق كۆرمەي دېسەڭ سەن ياخشلارنىڭ يارى بول،
ياخشى دوست هەتتا قىيامەتتە بېشىڭغا سايىدۇر.
ئۇيغۇرىي هەرگىز يامانلىق تىلىمەيدۇ غەيرىگە،
گەر ئۇلار قىلسا يامانلىق تارتمايىن نە چارىدۇر؟

## بىز

*بىر زامانلار ئېگە ئىدۇق. ياخشى خىسلەتلەرگە بىز،*
*شۇ خىسلەت بىرلە يېتىشكەن زور سائادەتلەرگە بىز.*
*ئەمدى كەم بولدى ئىقىل، بۇلغاندى ئار ـ ۋىجدانىمىز،*
*سالمدۇق ئەسلا نەزەر ئېسىل پەزىلەتلەرگە بىز.*
*پۇل ئۇچۇن، مەنسەپ ئۇچۇن، ئىمانىنى ساتتۇق، يانمدۇق*
*بېشىمىزچە چۆكۇپ كەتتۇق ئەسكى ئىللەتلەرگە بىز.*
*ئىستىمدۇق ئىلمى ئەرپان، نە هىدايەت يولىنى،*
*ئاخمىقانە جانىنى ئاتتۇق. ئەيشى ئىشرەتلەرگە بىز.*
*مەلئەنەت خائىننى كۆرسەك بېشىمىزدا كۆتىرىپ،*
*ياخشلارنى كۆمۈۋەتتۇق: يالا ـ تۆهمەتلەرگە بىز.*
*دوستلۇق ـ سەممىيەتتىن قالمدى بىزدە ئەسەر،*
*ئالدا ماختاپ، ئارقىسىدىن چالما ئاتتۇق ئەرگە بىز!*
*موشۇ ئىللەتلەر بىلەن قولدىن بىرىلگەن ئەركىمىز،*
*ئەسىرانە مەهكۇم ئولدۇق، قارا قىسمەتلەرگە بىز.*
*ئۇيغۇرىي دەر: بۇ كېسەلگە ئوت ئاچايلى، ئايىماي،*
*قۇتۇلمساق، يەم بولۇرمىز غەيرى مىللەتلەرگە بىز!*

## شائىر

گەر ۋەتەننى ئانا دېسەك، بىز ئۇنىڭ ئوغلانى بىز،
گەر ۋەتەننى باغ دېسەك، بىز ئۇنىڭ باغۋەنى بىز.
خەلقىمىزگە بەخت كەلسە، ئۇنىڭ شاتلىق كۈلكىسى،
قايغو كەلسە كۆكرىگىمدىن ئۆرلىگەن ئەپغانى بىز!
خوشاللىقتا، قايغۇدىمۇ ئەل بىلەن بىللە بولۇپ،
ئەل مۇڭىنى كۈيلەيدىغان شائىر غەزەلخانى بىز.
ئانا يۇرتىنىڭ قەدرىنى بىزدەك يەنە كىملەر بىلۇر،
تىرىك ژۇرسەك ئاشىغى، ئۆلسەك ئۇنىڭ قۇربانى بىز!
ئەي ئۇيغۇرىي، شۇ ئەمەسمۇ سۆيگىگە سادىقلىغىڭ،
ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلەر پەرۋانى بىز!

## ۋەتەن

ئۇيغۇرستان، ئۆز ئانامسەن، مېھرىڭ دەريا ماڭا،
ساڭا دېگەن ساپ مۇھەببەت ئوتلىرى ئاشنا ماڭا.
سەندە تۇغۇلۇپ، سەندە ئۆستۈم، سەندىدۇر بەختىم مېنىڭ،
بىر سېنىڭ ئەركىڭ جاھاندا ھەممىدىن ئەلا ماڭا!
كۆزگە ئىسسىق كۆرىنىدۇ، تاغلىرىڭ، گۈلباغلىرىڭ،
تۇپرىغىڭ توتىيادۇر، تاشلىرىڭ تىللا ماڭا.
سەن تۇرغاندا نە قىلۇرمەن جەننىتىل مەۋانى مەن،
سېنىڭ گۈزەل ئەللىرىڭنىڭ ھەر ـ بىرى مەۋا ماڭا.
قۇچىغىڭدا ئۆمۈر ئېتەر جانىجان خەلقىم مېنىڭ،
ئوغلانلىرى ـ ئارسلاندۇر، قىزلىرى بەرنا ماڭا.
راستىمدى، يالغانمىدى، قوينۇڭدا ئويناپ ئۆسكىنىم،
ئويلىسام ئۇ كۈنلىرىمنى، خۇددى بىر رويا ماڭا.
ئانا يۇرتۇم، سەن تۇرغاندا خار ئەمەسمەن ھېچقاچان،
كار قىلالماس بارچە مۇشكۇل زۇلۇملار ئەسلا ماڭا.
بار جاھانغا تەڭ قىلماسمەن ۋەتىنىمنىڭ ئەركىنى،
ئاھ، قاچان بولغاي نېسىپ، ئۇ يورۇق تاڭلار ماڭا؟
ئۇيغۇرىي ئېيتۇر: سېنىڭ ئازاتلىغىڭ كۆرسەم ئېدىم،
شۇ بۈيۈك ئارمان ژۇرەكتە ئۆلگىچە ھەمرا ماڭا!



## يارى مەن

مەن سېنىڭ يارىڭ ئەمەس، ئانا ۋەتەننىڭ يارى مەن،
ۋەتىنىم ـ مەشۇقە بولسا، ئاشىغى شەيدارى ـ مەن.
ساپ مۇھەببەت ئوتى بىرلە كۆيىدۇ جېنىم مېنىڭ،
ئاشۇ ئوتتا كېچىلەر يۇلتۇز بولۇپ يانارىمەن!
ئەل ـ ۋەتەننىڭ غېمى بىرلە ئۆتتى بار ئۆمرۈم مېنىڭ،
بەختىگە شادان بولۇپ، قايغۇسىغا ئاھ ئۇرىمەن!
ئەزگۈچى زالىمنى كۆرسەم، يانىمەن يالقۇن بولۇپ،
كوڭلى مىسكىن، كۆزى ياش، دەرتمەنلىنىڭ دىلدارى مەن.
بارچە ئەللەر ھۆر ـ ئازادە ياشىغان دەۋرانىدا،
دۈشمىنىمگە قۇل بولۇپ ياشىماقتىن ئارى مەن.
جان ئېلىم ئازاپ چېكىپ ياتقاندا زۇلمەت ئاستىدا،
ئۆز غېمىدا مەست بولۇپ ژۈرگەنلىدىن بېزارى مەن!


دوستلىرىم، ئەل بەختىچۈن كىردىم كۈرەش مەيدانىغا،
بۇ كۈرەشتە مىلىڭ مارا ئۆلۈشكە ھەم تەييارى مەن!
مەن كۈرەشنىڭ چۆللىرىدە كېلىمەن ھېرىپ ـ ئېچىپ،
ئىنقىلاپنىڭ ژۈكىنى ئېغىر كۆتەرگەن نارى مەن.
ئەلگە بەخت تىلىدىم، ئۆزگە گۈنايىم يوق مېنىڭ،
«كوزا سۇندۇرغان ئەزىزۇ، سۇ كەلتۈرگەن خارى مەن»!
پۇتتا كىشەن، قولدا كويزا، قاپقارا زىندان ئىچى،
غەم بىلەن، ھەسرەت بىلەن تۈن ـ كېچىلەر بېدارى مەن!
تۈرمىدە ياتسام مېنى «بىچارە مەھبۇس» ـ دېمىگىن،
جىسمىم تۇتقۇن، لېكىن روھەن ئازات شۇڭقارى مەن.
ئەل ئەزىز كۆرگەن ئوغۇلنى خار ئېتەلمەس دۈشمىنى،
ئەل مېنى ئوغلۇم ـ دېسە، شۇ چاغدا بەختىيارى مەن.
بۇ قىسمەتلىك تەغدىرىمگە نالىمايمەن ھېچقاچان،
ئىنقىلاپچى بولغىنىمغا مەڭگۈ ئېپتىخارى مەن!

## كارۋان

*يالتىراپ، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرلىگەندە ئاسمان،*
*گۆكىرەپ ئۇرغاندا بوران، تەۋرىگەندە يەر جاھان.*
*سۈزۈلۈپ ئاتقاندا تاڭلار، قىزىرىپ چىققاندا كۈن،*
*بارچە جانلار ئويغىنىپ، ئىنتىلگەندە ئەرك تامان.*
*بىزگە تارىخ ژۈكلىگەن ژۈكنى ئارتىپ يەلگىگە،*
*ئاتلىنىپ چىقتۇق سەپەرگە بىز بولۇپ چوڭ كارۋان!*
*ئىز بېسىپ ئۆتتۇق سەپەردە نى ئېغىر يوللارنى بىز،*
*قالمىدى بىز باسمىغان چۆل ـ باياۋان ھەم داۋان.*
*يولدا ئۇچراتتۇق تالاي قەھرىمانلار قەۋرىنى،*
*يېڭى قەۋرە قوشۇلۇپ قالدى سانسىز قەھرىمان!*
*سەپ بولۇپ قۇتلۇق سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،*
*توستى بىزنىڭ يولىمىزنى جۇت ـ شۇۋۇرغان ھەم تۇمان.*
*شۇۋۇرغانلار ئۇچرەلمەس ئىنقىلاپنىڭ ئوتىنى،*
*كۆتىرىپ ئەرك تۇغىنى باسىمىز ئالغا ھامان.*
*بىلىمىز، بار ئالدىمىزدا نى ئېغىر يوللار يەنە،*
*يولنى توسقان ئەجدىھارۇ، ئوت قاناتلىق ئۇق ئېلان.*
*بولسىمۇ مۇشكۈل سەپەردە يول ژىراق، ژۈكلەر ئېغىر،*
*ئاقىۋەت مەنزىلگە يەتكەي، بۇ ئۇلۇغۋار كارۋان!*

## ئوغلان

چاقسا چاقماق، ياغسا يامغۇر، ئۇرسا غەززەپلىك بوران،
نەرە تارتىپ تۇرسا ئوكيان، چايقىلىپ پۇتكۈل جاھان.
كۆك تالاشقان تەڭرى تېغى تۇردۇ مەزمۇت، بەلەند،
چۆلدىكى بارخان ئىدىرنىڭ ھالى نە بولغاي، شۇ ئان؟
ئەل بېشىغا كەلسە كۈلپەت، ياغسا كوكتىن مىڭ بەلا،
كۆكرەك كېرىپ قارشى ئالار، ئوت ژۈرەك ئەرلەر ھامان.
جان باقار بىچارە جانلار كېتىدۇ غايىپ بولۇپ،
قالىدۇ مەيداندا تەنھا ئەسلى مەرت، چىن قەھرىمان.
ئازاپ كەلسە جانىجان خەلقى بىلەن بىللە كۆرۈپ،
بەخت كەلسە، ئەل بىلەن بىللە كۈلەر مەرت ئوغلان!



## بۇلبۇلۇم*)

مۇڭلىنىپ، شامۇ ـ سەھەرلەر سايرىغانلىق بۇلبۇلۇم،
يورۇق تاڭغا ئىنتىلىپ، تەشنا باقاردىڭ بۇلبۇلۇم.
خۇش ئاۋازىڭ بىرلە سەن ئېيتقاندا ئۇيغۇر كۈيىنى،
خەلقىمىزنىڭ قەلبىگە ئوتلار ياقاردىڭ بۇلبۇلۇم.
قوشىقىڭ جانغا يېقىملىق، خۇش ئاۋازىڭ دىلرابا،
كوكۇللەردە ئىشىق ـ مۇھەببەت ئويغىتاردىڭ بۇلبۇلۇم.
ئاھ، بۇ زالىملار سېنى، مۇنبىرىڭدىن ئايرىدى،
قارغىلار ئىلكىدە قايرىلدى قاناتىڭ، بۇلبۇلۇم!
سەن بۇگۈن تۇتقۇن بولۇپ تۇرساڭمۇ قەپەز ئىچىدە،
خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ياڭرار ئاۋازىڭ بۇلبۇلۇم.
ۋەتىنىمدە قىشلار كېتىپ، باھار كېلۇر ئەتىلا،
شۇ باھاردا سايرارسەن قايتىلاردىن بۇلبۇلۇم!

*) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇلبۇلى پاشا ئىشان 1969 ـ 1970 ـ ژىللاردا سەھنىدىن ھايدىلىپ تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى. بۇ غەزەل شۇنىڭغا بېغىشلىنىپ يېزىلغان.

## ئۇيغۇر مۇقامى

*ياڭرىدى ئۇيغۇر مۇقامى، تالڭ سەھەر زارە قىلىپ،*
*ھىجران ئوتىدا كۆيگەن دىلنى مىڭ پارە قىلىپ.*
*ھەر مۇقامنىڭ ئەۋجىدە ئەجداتلىرىمنىڭ ئاھى بار،*
*ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ تۆكمىدۇ، دەردىنى ئىنزھارە قىلىپ.*
*تۇردىكام ئەلنەغمە چالسا، سايرىتىپ ساتتارىنى،*
*روزى تەمبۇر ئۇردى ناخۇن مۇشكى تارانە قىلىپ.*
*زىكرىكام دۇتتارىدا ئېيتسا ژۇرەكنىڭ ئەرزىنى،*
*جامى ھەم چالدى ئەجەمنى، دىلنى تارانە قىلىپ.*
*تەمبۇرنىڭ ھەر پەدىسىدە بىر ئەسىرنىڭ مۇڭى بار،*
*ئاشۇ مۇڭنى تۆكتى ئۇ، دۇنياغا ئاشكارە قىلىپ.*
*بۇ جاھاندا بارمىكىن ئۇيغۇر مۇقامىدەك ناۋا،*
*ئۇ ھامان ياڭراپ تۇرار دۇنيانى ھەيرانە قىلىپ!*

## بارمىكىن ؟

مېنىڭ مەزلۇم ئۇيغۇرۇمنىڭ ئىقباللىرى بارمىكىن ؟
قارا تۈنلەر ئارقىسىدىن ناھارلىرى بارمىكىن ؟
ئەللىرى مۇڭغا چۆمۈلگەن، باغلىرى خازاندۇر،
گۈل چېچەككە پۈركەيدىغان باھارلىرى بارمىكىن ؟
ھۆر ئېلىمنى قىلدى ۋەيران، شۇم ئاياق قۇزغۇن كېلىپ،
قۇزغۇنلارنى سورىدىغان شۇڭقارلىرى بارمىكىن ؟
مەرتنى چىللاپ تۇرسا مەيدان، چىقسا ئەرلەر سەپ بولۇپ،
ئەلنى باشلاپ جەڭگە كىرەر سەردارلىرى بارمىكىن ؟
ھىيلە ـ مىكىر قىلسا دۈشمەن، نەچچە خىل ئەپسۇن ئوقۇپ،
ياۋغا ئالدانمايدىغان كۆپ ھوشيارلىرى بارمىكىن ؟
ئۇيغۇرىي، ئەندىشە قىلما، تالڭ يېقىندۇر، تالڭ يېقىن،
ئاشۇ تاڭنى كۈتۈپ ئالار تەييارلىرى بارمىكىن ؟

## ئالەم بۇ...

بىزلەرگە ياش كۆرۈنگەن كونا خامان ئالەم بۇ،
كوكۇللەرنى ئالدىغان، ئەسلى يالغان ئالەم بۇ.
دېڭىزلاردەك دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئالەم بۇ،
قاياقىقىدۇر ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئالەم بۇ.
بۇ ۋاپاسىز پانىغا كىملەر كېلىپ كەتمىگەن،
بىزلەردىنمۇ ھەم ئېشىپ قالىدىغان ئالەم بۇ.
پادىشادىن تەخت قالۇر، بەدۆلەتتىن بەخت قالۇر
بەرگىنىنى قايتۇرۇپ ئالىدىغان ئالەم بۇ!
نەزەر سالساڭ بۇ دۇنيا ـ بىر تاماشە سەھنىسى،
ھەر ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىغان ئالەم بۇ.
ئالتە كۈنلۈك بۇ ئۆمۈر ـ ھەر كىمگە بىر ئىمتىھان،
قىلغان ئىشتىن ھىساۋات ئالىدىغان ئالەم بۇ.
ئامەت كەلسە قولۇڭغا مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىن،
بەخت قۇشى بىر كېلىپ كېتىدىغان ئالەم بۇ.
بېشىڭغا بەلا كەلسە، ئاھلار ئۇرۇپ كەتمىگىن،
ۋىغلاپ ـ قاخشاپ دۇنيادىن ئۆتىدىغان ئالەم بۇ.
ئەي ئۇيغۇرىي بۇ ھاياتقا ئانچە مەز بوپ كەتمىگىن،
بۇگۈن بارۇ ئەتە يوق، تۈگەيدىغان ئالەم بۇ!

## نادان ئۇيغۇر

*خۇراپات ۋە جاھالەتكە ئەسىر بولغان نادان ئۇيغۇر،*
*ھەقىقىي ئىلمۇ ـ ئەرپاندىن قۇرۇق قالغان نادان ئۇيغۇر.*
*جىمى ئەللەر ئازات ـ ئەركىن ياشاپ تۇرغان شۇ دەۋراندا،*
*خىتايغا قۇل بولۇپ ئىشلەپ قوساق باققان نادان ئۇيغۇر.*
*بۆتەن ئەللەر ئىلىم بىرلەن، ئۇچۇپ ئايغا بېرىپ يەتتى،*
*بۇلۇڭلاردا قۇرۇپ ئاۋكا، ئوشۇق ئاتقان نادان ئۇيغۇر!*
*قولۇڭغا غاڭزا تۇتقۇزسا، «ھەشقاللا» ئېتىپ تازىم،*
*يېقىپ كۆكرەكنى زەيلەرگە چىلىم تارتقان نادان ئۇيغۇر!*
*ئۆزى بىچارە قۇل تۇرسا، خەلقى ئاچ ـ زېرىن تۇرسا،*
*تىللانى چېچىپ «ھاجى» ئاتاق ئالغان نادان ئۇيغۇر!*
*بۇ غەپلەتتىن ئېچىپ كۆزنى، جاھانغا باقمىدۇق ئەسلا،*
*شۇنىڭچۇن پارچە مىللەتتىن كېيىن قالغان نادان ئۇيغۇر.*
*سائادەت ئىزدىسەڭ خەلقىم، نادانلىقتىن يىراق قاچقىن،*
*نادانلىقتىن قۇتۇلغاندا، بولارسەن ئەزىزان ئۇيغۇر!*

## باردۇر

(تەنە)

«ئۇيغۇر ئېلى» ـ دەپ ئەسلى مۇشەررەپ نامىمىز باردۇر،
«ئۇيۇشقاق، ئىتتىپاق ئەل» دەپ، ئاتاق ئالغىنىمىز باردۇر.
ئارادىن ئىتتىپاق كەتتى، زاۋاللىق كۈنلىرى يەتتى،
نىپاقلىق بىرلە دۆلەتنى بېرىپ قويغانىمىز باردۇر.
«ئۇيغۇرلاردا ئەل باشلار رەھبەرلەرمۇ يوق» دەيدۇ،
خىتايغا سېتىلىپ، شۇجى، جۇجاڭ بولغانىمىز باردۇر!
ئۇيغۇردا ۋەتەنپەرۋەر شائىرلارنى يوق دەيدۇ،
خۇشامەتلەر قىلىپ ياتقا، قوساق باققانىمىز باردۇر!
ئىلىمنىڭ سىرىنى ئاچقان، ئالىملارنى يوق دەيدۇ،
خىتاينىڭ نەسلىدىن بىز ـ دەپ كىتاپ يازغانىمىز باردۇر!

ئۇيغۇرلاردا قانۇن يوق، ئادالەت سوتى يوق ـ دەيدۇ،
ۋەتەنپەرۋەرگە تۆھمەت قىسپ، تۇتۇپ ئاتقانىمىز باردۇر.
پۈتۈن دۇنياغا تاڭ ئاتتى، ئازاتلىق كۈنلىرى يەتتى،
تاڭ ئاتسا يەنە ئۇيغانماي، خورەك تارتقانىمىز باردۇر.
موشۇ ئىللەت بىلەن خەلقىم، جاھاندا خارۇ ـ زار بولدۇق،
قۇتۇلساق ئۇشبۇ ئىللەتتىن، يورۇق ئىقبالىمىز باردۇر!

## بارمۇ ؟

*مېنىڭ دەردىم تولا بىھەد، ئېيتارغا دادىغا بارمۇ؟*
*غېرىپ ئەرزىنى ئاڭلارغا، ئادالەت پادىشا بارمۇ؟*
*تۇتقۇندا ئۆتەر ئۆمرۈم، پەلەكتىن رەنجىدى كۆڭلۈم،*
*ژۇرەكلەر زىدە گۆش بولدى، بۇ دەردىمگە داۋا بارمۇ؟*
*كىشى بىلمەيدۇ ھالىمنى، پەلەك سورىمايدۇ زارىمنى،*
*كىمگە ئېيتاي دادىمنى ئېقىل ئېيتار دانا بارمۇ؟*
*ئۈمىتسىز بولما ئۇيغۇرىي، يورۇق ئىقباللىرىڭ باردۇر،*
*بۇ دۇنيادا داۋاسىز دەرت، تاڭ ئاتماس زىم زىيا بارمۇ؟*

## باردۇر

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ دوستلار، بۇ ئالەمنىڭ چېكى باردۇر،
ھاياتنى بىر تەرەپ كۆرمەڭ، ئۇنىڭ ئىككى يېقى باردۇر.
زىمىستانىنىڭ باھارى بار، كېچەنىڭ تاڭ سەھەرى بار،
بۇ زۇلمەت مەڭگۈلۈك تۇرماس، ناھارنىڭ نوۋىتى باردۇر.
ئازاتلىق ئىستەڭ خەلقىم، كۈرەشتە مەردۇ ـ مەيدان بول،
كۈرەشتە باتۇر ئەللەرنىڭ بېشىدا دۆلىتى باردۇر.
جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي سائادەت يوق،
كۈرەش قىلماي ئازاتلىق يوق ـ بۇ سۆزنىڭ ھىكمىتى باردۇر!

* * *

مېنىڭ بىچارە خەلقىمنىڭ يورۇق ئىقباللىرى باردۇر،
بۈگۈن زۇلمەت بولغان بىرلەن، ئاتارغا تاڭلىرى باردۇر.
قۇللۇقتا يېتىپ ئۇيغۇر تۈگەپ كەتتى ـ دېمەڭ، دوستلار،
ژۇرەكتە ئوت بولۇپ يانغان، ئۈمىت ـ ئارمانلىرى باردۇر.
ئۇيغۇرىي ئېيتور دوستلار، ۋەتەن ئازات بولار تەھقىق،
ئۇنىڭچۈن جان پىدا قىلغان، جەسۇر ئوغلانلىرى باردۇر!

## خەلقىمگە

سۆيەرمەن سېنى ئەي خەلقىم، جېنىم ھەلقۇمغا يەتكۈنچە،
قولۇمدىن قىلىچىم چۈشۈپ، كۆزۈمنىڭ نۇرى كەتكۈنچە.
ساڭا سادىق بولۇرمەن دەپ مېنىڭ ئەھدۇ ـ قارارىم بار،
شۇ ئەھدىمگە ۋاپادارمەن ئۆمۈر سەۋداسى پۈتكۈنچە.
كۆيەي ئوتتا، ئاقاي سودا، سېنى مەن سۆيگىنىم سۆيگەن،
سۆيەرمەن! ـ دەپ تۇرار سۆزلەپ تىلىم زابانى كەتكۈنچە.
مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس جېنىم، سېنىڭدىن سادىغا ئايلانسۇن،
سېنى دەپ جان بېرەر ئوغلۇڭ يورۇق دۇنيادىن ئۆتكۈنچە.
ئۇيغۇرىي ئېيتۇر ئەركىڭنى كۆرمەستىن ئۆلۈپ كەتسەم،
ژۇمۇلماس كۆزلىرىم تاكى مەھشەرگاھقا يەتكۈنچە!

# ۋەتەنىنىڭ ئوغلىدۇرمەن

ئايا دوستلار، ۋەتەن سۆيدۇم، ۋەتەنىنىڭ ئوغلىدۇرمەن،
ۋەتەننى جان بىلەن سۆيگەن ئوغۇللارنىڭ بىرىدۇرمەن.
ئۆزىن ئاشىق دېگەن جانلار مېنىڭدىن ئىشقى ئۈرگەنسۇن،
سەنەمنىڭ ئاشىقى ئېرمەس، ۋەتەنىنىڭ ئاشىقىدۇرمەن.
سۆيەرگە ئۇشبۇ ئالەمدە، ۋەتەندەك دىلرابا يوقدۇر،
ئۇنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيگەن، مۇھەببەت ئەختىرىدۇرمەن.
ۋەتەننى جاندا سۆيمەكنى ئەجداتلاردىن ئۈرگەندىم،
كۈرەش مەيدانىدا سادىر، غەنىدەك باتۇرىدۇرمەن!
ئېلىمنىڭ بەختى ـ بەختىمدۇر، ئېلىمنىڭ دەردى دەردىمدۇر،
ئۇنىڭ دەردىنى كۈيلەشتە، بىلالدەك شائىرىدۇرمەن.
ۋەتەن دەپ سۇدا ئاقتىم مەن، ۋەتەن دەپ ئوتلىدا كۆيدۇم،
ۋەتەن دەپ ياشىدىم تاكى ۋەتەن دەپ ئۆلگۈسىدۇرمەن.
ۋەتەن سۆيدۇم دېگەن جانلار مېنىڭدىن سۆيگۈ ئۈرگەنسۇن،
ئېتىمنى سورساڭ ـ سابىت، ئۆزەم بىر ئۇيغۇرىدۇرمەن!

1970 ـ 1980 ـ ژىللار، تۈرمە.



# ئۇيغۇرستان *)

ئۇيغۇرستان ! ـ دەپ ئېلىم بار، داڭقى دۇنيا كەتكەندەك،
ـ مانا مېنىڭ ۋەتىنىم! ـ دەپ ئەلگە ماختان ئەتكەندەك.
تارىخى، شان ـ شۇھرىتى بار قانچە يازسام يەتكەندەك،
دوستلىنى شاتلاندۇرۇپ، دۇشمەنلىنى تىترەتكەندەك!

شۇ ۋەتەننىڭ ئىگىسى ـ ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئەۋلادى مەن،
تا ئەزەلدىن تا ئەبەتكە ئاڭا سادىق قالىمەن.
ياۋغا قەھرىم ئوت مېنىڭ، يانار تاغدىك يانىمەن،
قۇدرىتىم بار، ياۋنى يەكسان، تاغنى تالقان ئەتكەندەك!

ئەي، مېنىڭ ئالتۇن دىيارىم، سەندە پۈتمەس مۆجىزات:
يېنىپ تۇرار يالقۇن تېغىڭ، قەھرى قاتتىقدۇر مۇزات.
باغلىرىڭ بوستان تېرەكدۇر، تاغلىرىڭ تىلسىم قانات،
تولقىغان دەريالىرىڭ، دۇشمەننى يالماپ ژۇتقىدەك!

ئېقلىمىنىڭ شۇنچە يېقىملىق، پەسىللىرىڭ رەڭمۇ ـ رەڭ،
باھارلىرىڭ ـ ياپ يېشىلدۇر، يازلىرىڭ ـ گۈللۈك چىمەن.
كۈزلىرىڭ ھال تاۋلىنادۇر، قىشلىرىڭ ئاق نۇر بىلەن،
بار گۈزەل تەبىئىتىڭ، جانلارنى ئاشىق ئەتكەندەك!

شىمالىڭدا ئالتاي تېغى ھەمدە جۇڭغار ۋادىسى،
جەنۇبىڭدا كوئىنلۇن تاغ ـ ۋەتىنىم چېگارىسى.
غەربىڭدە بۈيۈك پامىر ـ بارچە تاغلار ئاتىسى،
تاغلىرىڭ قۇرشاپ تۇرغان تەبىئى قورغان ـ ساقچىدەك!

تەڭرى تېغىڭ ـ سۇمرۇغ قۇش، قانىتىن كېرىپ تۇرغان،
پەرۋاز قىلىپ، بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى يېرىپ تۇرغان،
مېھرى ـ پۈتمەس ئانىدەك ئاپپاق سۈتىن بېرىپ تۇرغان،
باغراش، سايرام كۆللىرىڭ گوياكى گۆھەر دانىدەك!

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدۇر ـ قەشقەرىيە ۋادىسى،
شىمالىدۇر ـ بىپايان، ئىلى، جۇڭغار دالىسى.
ئېگىز، ھەيۋەت چوققىلار ـ باتۇرلىقنىڭ نىشانىسى،
زۇمرەت دەريالىرىڭ ـ مەڭگۇ سوغۇلماس ئانىدەك!

بىر زامانلار سەن جاھانغا نۇر تاراتقان ئەل ئىدىڭ،
«ئاسىيانىڭ جەننىتى» ـ دەپ ئاتاق ئالغان يەر ئىدىڭ.
سەنئىتىڭ، شانىڭمۇ يۈكسەك، ھەممىسگە تەل ئىدىڭ،
ئويلىسام ئول چاغلىرىڭ، ئوينار ھاياجاندا ژۈرەك!

ئەر تۇڭا، ئوغۇزخانۇ، بۇغرا كەبى سۇلتانلىرىڭ،
رەخمىتۇللا، خانغوجا، سادىر كەبى پالۋانلىرىڭ،
بىر ئەسىردە يۈز قېتىم غازات قىلغان مەردانلىرىڭ،
قەھرىمان داڭقى ئۇلارنىڭ ئەسىرلەرگە كەتكەندەك.

بار ئىدى، دۇنياغا ماختان ئەتكەندەك پازىللىرىڭ،
ئەل فارابى، خاس ھاجىپ، قەشقەرىيدەك ئالىملىرىڭ،

لۇتفى، نەۋايى ۋە نىزارىدەك شائىرلىرىڭ،
سەنئىتىڭ يۈكسەك ئىدى، دۇنيانى قايىل ئەتكىدەك.

شۆھرىتىڭ، نامىڭ تارالغان ئىدى دۇنيا يۈزىگە،
بايلىغىڭ، گۈزەللىگىڭ ھەم چۈشتى دۈشمەن كۆزىگە.
بۇ گۈزەل ئەلنى قوشۇپ ئالماقچى بولۇپ ئۆزىگە،
كۈن چىقىشتىن كەلدى دۈشمەن قان ئىچەر قاراقچىدەك.

ئەۋۋالا كەلدى شەرقتىن ۋەھشى جوڭغارلار بېسىپ،
نەيزىدە ئادەم گۆشى يەپ، قىلىچىدىن قان ئىچىپ.
چىقىسمۇ ئوغلانلىرىڭ ئەرك ئۈچۈن جاندىن كېچىپ،
ھۆر ئېلىڭنى قىلدى ۋەيران خۇددى بىر پايخاندەك!

«ئاق تاغ» بىلەن «قارا تاغلىق» بۆلۈنۈپ ئەل - يۇرتىمىز،
جوڭغارلارنى كەلدى باشلاپ يەنە ئاپپاق غوجىمىز.
كەتتى ئامەت قولىمىزدىن، باغلاندى پۇت - قولىمىز،
خالىغانچە قىردى دۈشمەن بىزنى ھايۋان پادىدەك!

ئەندى جوڭغاردىن قۇتۇلساق، كەلدى مانجۇلار بېسىپ،
جەسەتلەردىن تاغ ياساپ، ئەل بېشىدىن مۇنار سېلىپ،
قۇل بولۇپ ھايات ياشاشتىن، مەرت ئۆلۈم ئەلا بىلىپ،
بولدى قانلىق زور چېلىشلار، ئاقتى قان دەرياسىدەك!

يەكەن دەريا بويىدا بولدى غازات ئاخىرقى رەت،
مىڭلىغان جانلار قىرىلدى، ئاقتى دەريادا جەسەت.
يەھيا غوجا شېھىت بولدى، ئىپارخان ئەسىرۇ بەنت،
ئەركىدىن ئايرىلدى خەلقىڭ، يۇرت بولۇپ مازارىدەك!

شۇ قارا كۈنلەردە قولدىن كەتسىمۇ ئۆز ئەركىمىز،
قول بولۇشقا كۆنەرمىدى، ئەرك سۆيەر خەلقىمىز،
- يۈز يىلدا يۈز ئىنقىلاب - دەپ يېزىلدى تارىخىمىز،
تارىخىڭنىڭ ھەر ۋارىغى — مۇقەددەس جەڭنامىدەك!

قەشقەرىيە ئۆلكىسىدە يەتتىشەھەر خانلىغى،
ئۆتتى ئون ئۈچ يىل سوراپ، بەدۆۋلەت سۇلتانلىغى.
نىيازبەگ خائىن چىقىپ ئۆلتەردى ئۆز سۇلتانىنى،
كەتتى دۆلەت قولىمىزدىن، يەنە ئەزدى شۇم پەلەك!

راشىدىن غوجام كۈچاردا باش كۆتەرگەن بىر زامان،
ئىلىدا قوزغالدى خەلقىم خۇددى غەززەپلىك بوران.
باشچى ئابدۇرۇسۇل ئىدىكىم، جەڭدە سادىر پەھلىۋان،
ياۋنى بىت - چىت ئەيلىدى، بۇغرىغا كىرگەن نارىدەك!

«ئىبىق» بىلەن «ئەجدەرھا» ئۆز ئارا ئولجا تالىشىپ،
بەزىدە خوپ بولۇبان ئىغىز - بۇرۇن يالىشىپ،
ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتىنى قىلدى ۋەيران كېلىشىپ،
بەختىمىزگە بولدى زامىن ئىككى دۈشمەن زالىمەك!

قانچە زۇلمەت بولسا كېچە، يۇلتۇزى يورۇق بولۇر،
قانچە زالىم بولسا دۈشمەن ئاخىرى خورلۇق بولۇر،
ئۆچمىدى ۋۇرەكتە ئوت، يوقالمىدى ئالىي غۇرۇر،
يەنە باشلاندى كۈرەشلەر خۇددى زور ۋولقانىدەك!

جاڭجۇڭ بىلەن بەگ - غوجاملار كېلىشىپ يەڭ ئىچىدە،
ئابدۇقادىر داموللىنى ئۆلتۈرۈشتى كېچىدە،
ئىلاخۇننى ئېلىپ ماڭدى، تۆمۈر قەپەز ئىچىدە،
شۇ يوسۇن باسماقچى بولدى ئىنقىلاپنى قاتىلەك!

غوجىنىياز جەڭ باشلىدى، نەچچە مىڭ پالگان بىلەن،
سابىت داموللام خوتەندە قوزغىلىپ دېخان بىلەن،
ئەلنى ئازات قىلدى ئاخىر، قان كېچىپ قۇربان بىلەن،
شېڭ شىسەي بىرلە ئورۇس ئېغىز يالاشتى كالىدەك!

قەھرىمانلار ئىلىخودىن باشلىدى زور ئىنقىلاپ،
ئۈچ ۋىلايەتنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە باردى تاقاپ،
ئىككى دۈشمەن بىر بولۇبان ئۇيغۇرنىڭ كۆزىن بوياپ،
«تېچلىق» ئەپسۇننى ئوقۇپ، ئۆمرىن ئۇزاتتى ئانچىدەك.

قىزىل خىتاي كىرىپ كەلدى، قىزىلتوغنى كۆتىرىپ،
بىزنى ئازات قىلغۇچى «ئەۋلىيا» بوپ كۆرىنىپ،
يامانلارغا يۆلەك بولدى ياخشىلارنى ئۆلتىرىپ،
ئۇيغۇرستان بولدى ۋەيران ئوت كەتكەن خارابىدەك.

ساقلاش ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ شانۇ - شەرەپ ئارىنى،
بايراق قىلىپ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك شۇئارىنى،
دىلغا ۋېغىپ ئەجداتلارنىڭ ئىنتىقام - قىساسىنى،
ئىنقىلاۋىي پارتىيەم دۇنياغا كەلدى تاڭچىدەك ⁕⁕)!

ئۇيغۇرۇم، بەخت ئىزدىسەڭ، ماڭغىن كۈرەش يولىغا،
توغرا يولدىن تايمىغىن، باقمىغىن ئوڭ - سولىغا،
ئىنقىلاپنىڭ تىزگىنىنى بەرمە ياتلار قولىغا،
ھەر خەلق ئۆز تەغدىرىن ئۆز قولىدا تۇتماق كېرەك!

دوستلىرىم، ئانا ۋەتەننى جان بىلەن سۆيمەك كېرەك،
كۈرەشلەرنىڭ ئوتىدا پەرۋانىدەك كۆيمەك كېرەك،
ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلمەك كېرەك،
ھاياتىمىز كۆيي بولۇپ قالسۇن موشۇ داستانىدەك!

شېھىتلارنىڭ پاك قانلىرى ھېچقاچان كەتمەس بىكار،
قانچە زۇلمەت بولسىمۇ تۈن، ئارقىسىدىن تاڭ ئاتار.
ئىشىنىمەن، قىشلار كېتىپ، كېلىدۇ ئىللىق باھار،
شۇ باھاردا توي قىلارمىز، بىزمۇ ئازات ئەللىدەك!

1977 - 1979 - يىللار، تۈرمە.

⁕) مەن ئەسلىدە ئۇيغۇرستان توغرىلىق چوڭ داستان يازماقچى بولغان ئىدىم. بىراق تۈرمە شارائىتىدە چوڭ داستان يېزىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، موشۇ كىچىك داستاننى يېزىپ، يادقا ئېلىپ ساقلىدىم.
⁕) شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# «بىرگە ئۆچ»

## ( نامسىز قەھرىمان ھەققىدە قىسسە )

شەھەرلىك گېۋېخوي(1) سوراقخانىسى،
بىر مەھبۇس ئۈستىدە باراتتى سوراق.
جاللاتلار توختىماي قىيناتتى ئۇنى،
تارسىلداپ تېگەتتى بەدەنگە تاياق!

ـ «ئىقرار قىل!» دەپ ھامان چېقىراپ باشلىق ـ
پاش قىلغىن ئەكسىيەتچى تەشكىلاتىڭنى.
قۇرالنى قەيەرگە يوشۇرغاندىڭلار؟
كۆرسەتكىن، ساقلىغان مەخپىي جايىڭنى!

ئىقرار قىپ تاپشۇرساڭ مەسلەڭنى، ـ سەن،
پارتىيە كەڭچىلىك قىلىدۇ ساڭا...
موشۇنداق جاھىللىق كۆرسىتىۋەرسەڭ،
ئاخىرى ئالىسەن ئۆلۈمگە جازا ـ!

ـ گۇنايىم يوق مېنىڭ، ـ دەتتى ئۇ ژىگىت،
ـ بىلمەيمەن ھېچقانداق تەشكىلاتنىمۇ!
كۆرمىگەن قۇرال دېگەن قانداق نەرسە ئۇ؟
يوق ھەتتا يېنىمدا سۇنۇق بەكىمۇ!

سەرادا تۇغۇلدۇم، ژىتىم چوڭ بولدۇم،
ھەتتاكى تۇزۇكرەك يازالمايمەن خەت.
ئۆيۈمدە ئايالىم، قېرى ئانام بار،
شۇلارنى بېقىشتا خيالىم پەقەت!

نە گۇنا قىلدىمكىن، بىلمەلمىدىم ھېچ،
بىلسەڭلار، ئۆزەڭلار ئېيتىپ بېرىڭلار.
ئەگەر دە بار بولسا، زەررە گۇنايىم،
تېرەمنى تىرىكلا شۇلۇۋېلىڭلار ـ!

ـ سەن بىزگە راستىڭنى ئېتمايۋاتىسەن،
ئېيىت چاپسان، باشلىغىڭ سېنىڭ كىم ئېدى؟
يوشۇرغان قۇرالنى تاپشۇرمىغىچە،
موشۇنداق توختىماي قىينايمىز سېنى ـ!

دەپ ئۇنى جاللاتلار تۆرۈككە تېڭىپ،
بەدەنگە قىزىتقان ياغنى چېچىشتى...
ھوشىدىن كەتكەندە پەسكە چۈشۈرۈپ،
يۈزىگە مەھبۇسنىڭ سوغ سۇ چېچىشتى.

بەدىنى قىپ ـ قىزىل قانغا بويالغان،
بىچارە ئاخىرى ھوشىدىن كەتتى.
ئۆلۈكتەك زەمبىلدە سۇنايلىنىپ ياتقان،
مەھبۇسنى كامېرغا ئېلىشىپ كەتتى...

قاراڭغۇ زىنداندا ياتاتتى مەھبۇس،
باش ـ كۆزى يېرىلغان، يوقدۇر ماجالى.
ئاخشامقى سوراق ۋە قىيناقتىن كېيىن،
موشۇ سوغ كامېرغا تاشلىغان ئۇنى.

گۆر كەبى قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە،
ياتاتتى بىچارە، بىماغدىر، بىھوش!
ئارانلا بىلىنەر تىنىنغان تىنىغى،
چىشلىرى غۇچۇرلاپ، قىلاتتى خورۇش!

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن،
تىرىلىپ، ھوشىغا كەلدى ئۇ ئاخىر.
قانلىرى بەدەندە قېتىشىپ قالغان،
خيالغا چۆمۈلدى، يالغۇز مۇساپىر.

ئۇ ھامان ئويلاتتى؛ مۇنچە ئۇرغىدەك،
نېمە چوڭ گۇنايىم بار ئېدى، مېنىڭ؟
ۋە ياكى كېچىرمەس گۇناھىمىدى،
دۇنياغا ئۇيغۇر بوپ تۇغۇلغانلىغىم؟

ۋە ياكى خاتالىق بولغانمىدىكىن،
خىتاينى چاۋاڭ چېلىپ قارشى ئالغىنىم.
مەن ئۆزەم پەگادا قالسامۇ چىداپ،
«مېھمان»نى تۆر ئۆيگە باشلىغانلىغىم!

موشۇنداق گېدىرماش خيالار بىلەن،
ئۇخلىماي تاڭنىمۇ ئاتقۇزدى مەھبۇس.
كەلدى كۆز ئالدىغا ئائىلىسى ھەم،
قەلبىدە نوغىيان ئەلەم ۋە ئەپسۇس!

سوراقتا نېمە دەپ جاۋاپ بەرسەمكىن،
ۋە ياكى گەپ قىلماي تۇرۇۋالايمۇ؟
بۇ قىيناق ـ ئازاپتا ئۆلەيمۇ ياكى،
ياۋ بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولايمۇ؟ـ

ـ «بىرگە ئۈچ!» ، ـ دېدى ئۇ سىرلىق پىچىرلاپ،
خيالىنىڭ تۇگۇچى ئاخىر يېشىلدى...
بىئارام قەلبىگە ئارام تاپقاندەك،
مەھبۇسنىڭ كۆزىگە ئۇيقا ئىلىندى...

* * *

ئۆگۈنى يەنىلا باشلاندى سوراق،
يەنە شۇ تەھلىكە، قىيناق ۋە ئازاپ.
لېۋىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇۋالدى ئۇ،
تارسىلداپ تەككەندە بەدەنگە تاياق!

مەھبۇسنى بارماقتىن كانارغا ئېسىپ،
دۈمبىگە قىزىغان تۆمۈرنى ياقتى.
گاڭزىغا ياتقۇزۇپ، تاپاننى تىلىپ،
يېرىلغان يېرىگە شاكاراپ چاچتى!( 2 ).

ئاخىرقى قارارغا كەلدى ئۇ ژىگىت،
كۆرۈنمەي قالغاندا كۆزىگە ئەجەل!
– مۇنچىلىك خور بولۇپ ياشىغىنىمدىن،
ياۋ بىلەن ئېلىشىپ، ئۆلگىنىم ئەبزەل!

ئۇ دېدى،
– قىيناشنى توختىتىڭلار، بەس،
ئېيتىپ بېرەي، سىلەرگە تەشكىلاتىمنى.
سەل ياخشى بولغاندا تەن جاراھىتىم
كۆرستەي قۇرالنى تىققان جايىمنى –!

بۇ سۆزدىن ناھايەت خۇش بولۇپ دۈشمەن،
توختاتتى، شۇ زامان قىيناپ ئۇرۇشنى.
– تېزرەك ئالايلى، «مەسىلە»نى دەپ،
دوختۇرلار چاقىرىپ، كۆرسەتكەن بولدى.

ئارىدىن ئارانلا ئۈچ كۈن ئۆتكەندە،
مەھبۇسنى كەلتۈردى سوراق خانىغا.
كادىرلار كېلىشتى ئالدىراپ، تېنەپ،
ئالماقچى بولۇشۇپ ئىقرار نامىلار!

ئۇ دېدى:
– ھەر ئىشقا نەق فاكىت كېرەك،
مەن ئاۋال كۆرستەي، قۇرال بار يەرنى.
قۇرالنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن،
ئېيتىپ بېرەي، بۇ ئىشقا قېتىلغانلارنى...

سوۋېتتىن ئەپكەلگەن قۇراللارنى بىز،
تېكىلگان چوققىدا تاپشۇرۇپ ئالغان.
قۇراللار يامغۇردىن داتلاشمىسۇن دەپ،
قىيا تاش ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان.

* * *

شۇ كۈنى سەپەرگە ماڭدى تۆرت ئاتلىق،
بىر مەھبۇس،
بىر كادىر، ئىككىسى مىنبىڭ... (3)
مەھبۇسنى ئارىغا ئېلىپ مېڭىشتى،
قولىدىن كويزىسى (4) ئېلىنغان ئۇنىڭ.

قىيامدىن ئېگىلىپ كەتكەن چاغدا كۈن،
تۆرت ئاتلىق كېلىشتى مەنزىلگە يېتىپ.
ئاتلارنى توۋەندە قالدۇرۇپ قويۇپ،
چوققىغا چىقماقچى بولۇشتى مېڭىپ...

تېكىلغان چوققىنىڭ ئارتى يانباغىر،
تىك قىيا ساي ئېدى، ئالدى تەرىپى،
قارىغان كىشىنىڭ بېشى قاياتتى،
ئاستىدا ئاقاتتى ئىشتىك تاغ سۇيى...

ئاخىرى چۇققىغا چىقىشتى ئۇلار،
ھاسىراپ، ھۆمۈدەپ ھېرىپ ۋە تەرلەپ.
بىلمەيتتى ئالدىدا نېمە قىسمەت بار،
قۇرالنى ئېلىشتا ئەس – يادى پەقەت!

ژىگىت دېدى، پەستىكى تاشنى كۆرستىپ،
– قۇرالنى شۇ يەرگە كۆمۈپ قويغان بىز...
ئورنىنى ئۆيدانراق كۆرۈۋېلىڭلار،
ھەممىڭلار قىرغاققا كېلىڭلار تېز!

ئەشۇ پەيت، قىلۇىدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ،
نەدىدۇ، يالىلداپ چاقماق چېقىلدى.
ئاسمانغا قارىشىپ تۇرغاندا دۈشمەن،
ياش ژىگىت بىردىنلا ئالغا ئېتىلدى!

يولۋاستەك ئېتىلىپ كەلگەن بويى ئۇ،
بىر تېپىپ كادىرنى پەسكە غۇلاتتى.
بويىنغا ئېسىلىپ ئىككى مىنبىڭنىڭ،
ئۆزىنى قىيادىن توۋەنگە ئاتتى...

ئىككىسىن قولتۇقتا قىسقان بويىچە،
بۇركۇتتەك شۇڭغۇدى تۆۋەنگە قاراپ.
– دۈشمەندىن ئۆچ ئالدىم – دېگەن بىر سادا،
تاغلارنىڭ ئارىسىدا كەتتى جاراڭلاپ...

كۆز ژۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتمەكتە پۇرسەتتە،
تۆرت ئىنسان ئەجەلنىڭ شەربىتىن ئىچتى.
تەنلىرى تىتىلىپ، تاشقا ئۇرۇلغان،
تۆرت ئۆلۈك جەسەت بوپ تاپانغا چۈشتى.

ئۇيغۇرنىڭ نامسىز بۇ قەھرىمان ئوغلى،
دۈشمەندىن موشۇنداق ئۆچىنى ئالدى.
دۇنيادىن ئۆتتى ئۇ يۇلتۇزدەك ئېقىپ،
باتۇرلۇق قىسسىسى دىللاردا قالدى...

دۇستلىرىم ئىنساننىڭ ئۆلمىگى ئوخشاش،
ئوخشىماس، ئۆلۈمنىڭ مەنىسى بىراق ...
ئۈچ مەلئۇن جان بەردى غالچىلىق قىلىپ،
ھە، بىرسى: ئەرلىكنىڭ ئۆلگىسى پارلاق!

ھاياتتا يۈز ياشاپ ئوتىسىمۇ ئىنسان،
بەرىبىر تاپماستىن قويمايدۇ ئەجەل.
قۇزغۇندەك بېچارە بوپ ياشىغاندىن،
بۈركۈتتەك جەڭ قىلىپ ئۆلگەن مىڭ ئەۋزەل!

ھېكايەت – قىسسىمىز پۈتتى شۇ يەردە،
نامەلۇم ئۆلۈمنىڭ سىرى ئېچىلدى...
«بىرگە ئۈچ» دەپ قويغان ماۋزۇيىمىزنىڭ
ھەقىقى مەنىسى ئەندى يېشىلدى!

*) بۇ ۋاقىە 1969 – ژىلى كۈزدە ئىلى ۋىلايىتى سۇيدۇڭ ناھىيەسىدە سادىر بولغان.
1) گېۋېخۇي – «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ھاكىمىيەتنىڭ نامى.
2) مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ختاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئادەم قىيناش ئۇسۇلى 100 خىلدىن ئاشىدىكەن.
3) مىنبىڭ – خەلق ئەسكىرى.
4) كويزا – قولغا سالىدىغان تۆمۈر كىشەن.

## قايتىپ كېلىمەن

دوستلىرىم، مەن بۈگۈن بالقىپ كېلىمەن،
يەنە بىر داۋاندىن ھالقىپ كېلىمەن،
شاتلىقىم سىغماستىن شالقىپ كېلىمەن،
چۈنكى مەن تۈرمىدىن قايتىپ كېلىمەن!
ئون ژىل ئىككى ئاي زىنداندا يېتىپ،
تۈتقۇنلۇق ئازاۋى جېنىمغا پېتىپ،
ئەركىنلىك، ھۆرلىكنىڭ قەدرىگە يېتىپ،
قەپەزدىن بوشىنىپ، قاڭقىپ كېلىمەن.
پەرزەندىم چىرايى كۆزۈمدىن ئۆتۈپ،
چۈشۈمدە سۆيۈملۈك يارىمنى قۇچۇپ،
كۆڭۈلنىڭ قۇشلىرى قاناتلاپ ئۇچۇپ،
ۋىسالغا تەلپۈنۈپ زارىقىپ كېلىمەن!
ھاياجان ھىسلىرىم ژۈرەكنى چۇلغاپ،
كېلىمەن ھەم كۈلۈپ، ھەمدە قان ژىغلاپ،
تۈرمىدە كۆز ژۇمغان دوستلارنى ئويلاپ،
كۆزۈمدىن ياش تۆكۈپ ئۆكسۈپ كېلىمەن.
مەن ئۆزەم تۈرمىدىن بولسامۇ ئازات،
دوستلارنىڭ قانچىسى قالدى بوپ مامات.
قىساسىن ئېلىشقا ژۈرىكىمدە ئانت،
يەلكەمگە ئېغىر ژۈك ئارتىپ كېلىمەن!
ئەركىنلىك – نەقەدەر ئۇلۇغۋار بۇ سۆز،
مۇستەقىل مىللەتنىڭ تۈنىمۇ كۈندۈز،
كۆرەشنىڭ ئوتلىرى ئۆچمەيدۇ ھەنۇز! –
دېگەن بىر ئوي بىلەن قايتىپ كېلىمەن.
ھاياتقا قايتىم مەن كۆرەشمەك ئۈچۈن.
ياۋ بىلەن يەنە بىر يۈزلەشمەك ئۈچۈن،
ناخشامدا مەرتلەرنى كۈيلەشمەك ئۈچۈن،
بېلىمنى چىڭ باغلاپ، تارتىپ كېلىمەن!

1980 – ژىل، 10 – ئاپرېل.

## ئارمان

ئۇيغۇرستان، – غازاڭ بولغان گۈلىستان،
باغلىرىڭنى باستى قارا زىمىستان.
سېنىڭ ئازات كۈنلىرىڭنى كۆرەلمەي،
ئۆتەرمەنمۇ، شۇ دۇنيادا قىسىپ ئارمان؟

ئۇيغۇرستان، مېنى تۇققان ئانام سەن،
تۇپرىقىڭدىن تۆرەلگەن بىر بالاڭ مەن،
خىزمىتىڭنى قىلالمىدىم مەن ئادا،
كەچۈر ئانا، سەندىن ئەپۇ سورايمەن!

سېنىڭ ئۈچۈن ئوتقا كىرسەم رازىمەن،
سېنىڭ ئۈچۈن سۇدا ئاقسام رازىمەن.
بۇ دۇنيادا سەندىن ئايار جېنىم يوق،
ھەممىسىنى سېنىڭ ئۈچۈن ئاتىدىم!

ئامالىم يوق، مەن كېتىمەن ژىراققا،
ژۈرىكىمنى داغلاپ ئوتى پىراققا،
سېغىنىشنىڭ ئوتلىرىدا يانارمەن،
پەرۋانە بوپ، ئۆزەڭ ياققان چىراققا!

ئۇيغۇرستان، ئەركىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىل،
كۆرەشمەكنىڭ يوللىرىنى ئۆيدان بىل،
بۇ دۇنيادا ساڭا كۆيەر «تەگۈرى» يوق،
ئۆز غېمىڭنى ئۆزەڭ ئويلا، ئۆزەڭ قىل!

ئۇيغۇرستان ئۇيغىنارمۇ بىر زامان،
ياشنارمۇ غازاڭ بولغان گۈلىستان،
ساقىيارمۇ ژۈرىكىمنىڭ يارىسى،
پۈتەرمىكىن كۆڭۈلدىكى بۇ ئارمان!

1981 – ژىل، دېكابر.

## ماڭا

(ئۆلۈمدىن ئايرىلىش ئالدىدا)

«كەتتى!» – دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما، كەتسەم نالەش ماڭا،
بۇ، مېنىڭ مەيلىم ئەمەسدۇر، تەغدىرى خالاش ماڭا.
ئۆز ئېلىمدە ئەركە ئۆسكەن خۇددى بىر شاھزادىدىم،
جاندىن ئۆتتى يات ئالدىدا خور بولۇپ ياشاش ماڭا.
بىر ئۆمۈر زىنداندا ياتتىم، ھېچ نىجاتلىق تاپمىدىم،
ئۆز ماكانىم – ئۆز ئېلىم بولدى ئوت – ئاتەش ماڭا.
دۈشمىنىم قىلسا يامانلىق، ئاڭا رەنجىپ كەتمىدىم،
دوستلىرىم، قەرداشلىرىم بولالمىدى قاياش ماڭا.
مەن مۇھەببەتتىن يارالغان بىر يورۇق يۇلتۇز ئىدىم،
بولمىدى بۇندا نېسىپ، نۇر چېچىپ پارلاش ماڭا.
ئۆلمىسەم بىر كۈن كېلۈرمەن، يارىمنى كۈلدۈرگىلى،
كەلمىسەم ئىشقىنىڭ ژۈرەكتە ئۆلگىچە يولداش ماڭا.
ئۇيغۇرى دەر: ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ كەتتىم ژىراق،
ياقا يۇرتنىڭ مېھرى ئۆز ئانىدەك بولماس ماڭا!

1981 – ژىل، دېكابر.